لاَتَضْرِبْنَ ـــ (سىلەر كۆپ ئاياللار) ئۇرماڭلار، صيغة سى ـــ جمع مؤنث مخاطبات معلوم فعل نهي.

ئالتە «غائب»نىڭ ئۈچى «مذكر» ئۈچۈن، ئۈچى «المؤنث» ئۈچۈندۇر.

ئۈچ «مذكر»:

لاَيَضْرِبْ ـــ (ئۇ بىر ئەر) ئۇرمىسۇن، صيغة سى ـــ واحد مذكر غائب معلوم فعل نهي.

لاَيَضْرِبَا ـــ (ئۇ ئىككى ئەر) ئۇرمىسۇن، صيغة سى ـــ تثنية مذكر غائبين معلوم فعل نهي.

لاَيَضْرِبُوا ـــ (ئۇلار كۆپ ئەرلەر) ئۇرمىسۇن، صيغة سى ـــ جمع مذكر غائبين معلوم فعل نهي.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



ئۈچ «مؤنث»:

لاَتَضْرِبْ — (ئۇ بىر ئايال) ئۇرمىسۇن، صيغة سى — واحدة مؤنث غائبة معلوم فعل نهي.

لاَتَضْرِبَا — (ئۇ ئىككى ئايال) ئۇرمىسۇن، صيغة سى — تثنية مؤنث غائبتين معلوم فعل نهي.

لاَيَضْرِبْنَ — (ئۇلار كۆپ ئاياللار) ئۇرمىسۇن، صيغة سى — جمع مؤنث غائبات معلوم فعل نهي.

ئىككى «متكلم»:

لاَأَضْرِبْ — (مەن بىر ئەر ياكى بىر ئايال) ئۇرماي، صيغة سى — واحد متكلم معلوم فعل نهي.

لاَنَضْرِبْ — (بىز كۆپ ئەرلەر ياكى كۆپ ئاياللار) ئۇرمايلى، صيغة سى جمع متكلم معلوم فعل نهي.

ئەگەر مەلۇم پېئىل نەھى (معلوم فعل نهي)نى مجهول قىلاي دېسىڭىز، ئاخىرىنىڭ ئالدىدىكى ھەرپنى زەۋەر قىلىڭ ۋە مضارعة ھەرپىنى پىچ قىلىڭ، ئاندىن لاَتَضْرِبْ ← لاَتُضْرَبْ گە ئۆزگىرىدۇ.

مەجھۇل پېئىل نەھىنىڭمۇ 14 صيغة بار بولۇپ، ئالتىسى «مخاطب» ئۈچۈن، ئالتىسى «غائب» ئۈچۈن، ئىككىسى «متكلم» ئۈچۈندۇر.

ئالتە «مخاطب»نىڭ ئۈچى «مذكر» ئۈچۈن، ئۈچى «مؤنث» ئۈچۈندۇر.

ئۈچ «مذكر»:

لاَتُضْرَبْ ـــ (سەن بىر ئەر) ئۇرۇلما، صيغة سى ـــ واحد مذكر مخاطب مجهول فعل نهي.

لاَتُضْرَبَا ـــ (سىلەر ئىككى ئەر) ئۇرۇلماڭلار، صيغة سى ـــ تثنية مذكر مخاطبين مجهول فعل نهي.

لاَتُضْرَبُوا ـــ (سىلەر كۆپ ئەرلەر) ئۇرۇلماڭلار، صيغة سى ـــ جمع مذكر مخاطبين مجهول فعل نهي.

ئۈچ «مؤنث»:

لاَتُضْرَبِي ـــ (سەن بىر ئايال) ئۇرۇلما، صيغة سى ـــ واحدة مؤنث مخاطبة مجهول فعل نهي.

لاَتُضْرَبَا ـــ (سىلەر ئىككى ئايال) ئۇرۇلماڭلار، صيغة سى ـــ تثنية مؤنث مخاطبتين مجهول فعل نهي.

لاَتُضْـرَبْنَ ـــ (سىلەر كۆپ ئاياللار) ئۇرۇلماڭلار، صيغة سى ـــ جمع مؤنث مخاطبات.

ئالتە «غائب»نىڭ ئۈچى «مذكر» ئۈچۈن، ئۈچى «مؤنث» ئۈچۈندۇر.

ئۈچ «مذكر»:

لاَيُضْرَبْ ـــ (ئۇ بىر ئەر) ئۇرۇلمىسۇن، صيغة سى ـــ واحد مذكر غائب مجهول فعل نهي.

لاَيُضْرَبَا ـــ (ئۇ ئىككى ئەر) ئۇرۇلمىسۇن، صيغة سى ـــ تثنية مذكر غائبين مجهول فعل نهي.

لاَيُضْرَبُوا ـــ (ئۇلار كۆپ ئەرلەر) ئۇرۇلمىسۇن، صيغة سى ـــ جمع مذكر غائبين مجهول فعل نهي.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



ئۈچ «المؤنث»:

**لاَتُضْرَبْ** — (ئۇ بىر ئايال) ئۇرۇلمىسۇن، صىيغة سى — **واحدة مؤنث غائبة مجهول فعل نهي.**

**لاَتُضْرَبَا** — (ئۇ ئىككى ئايال) ئۇرۇلمىسۇن، صيغة سى— **تثنية مؤنث غائبتين مجهول فعل نهي.**

**لاَيُضْرَبْنَ** — (ئۇلار كۆپ ئاياللار) ئۇرۇلمىسۇن، صيغة سى— **جمع مؤنث غائبات مجهول فعل نهي.**

ئىككى «متكلم»:

**لاَأُضْرَبْ** — (مەن بىر ئەر ياكى بىر ئايال) ئۇرۇلماي، صيغة سى — **واحد متكلم مجهول فعل نهي.**

**لاَنُضْرَبْ** — (بىز كۆپ ئەرلەر ياكى كۆپ ئاياللار) ئۇرۇلمايلى، صيغة سى — **جمع متكلم مع الغير مجهول فعل نهي.**

## 9. ئىش – ھەرىكەتنىڭ ئورۇنلىنىش ۋاقتى ۋە ئورنىنى بىلدۈرىدىغان ئىسىم

إسْمُ الزمان ۋە إسْمُ المكان بولسا «الثلاثي المجرد»نىڭ «يَفْعُلُ» «ع» زىر بابىدىن ياسىلىدۇ ۋە «مثال»دىن مۇتلەق «ع»زىرلىق «مَفعِلُ» ئۆلچىمىدە ياسىلىدۇ. مەسىلەن: «مَضرِبٌ» ۋە «مَوْعِدٌ»؛ «يَفْعَلُ» «ع» زىرلىق بابىنىڭ باشقىسىدىن ۋە «ناقص»دىن مۇتلەق ھالدا «ع» زەۋەرلىك «مَفْعَلٌ» وزن (ئۆلچىمى)دە ياسىلىدۇ. مەسىلەن: مَقْتَلٌ، مرمي؛ «الثلاثي المجرد»نىڭ باشقىسىدىن «مُفْعَلٌ» ئۆلچىمىدە ياسىلىدۇ، مەسىلەن: «مُكْرَمٌ،

مُدَخْرَجٌ»گە ئوخشاش. إِسْمُ الزمان ۋە إِسْمُ المكاننىڭ ئۈچ صــيغە سى بار:

«مَضْرِبٌ — ئۇرغان ۋاقىت ۋە ئۇنىڭ ئورنى، صــيغە سى — واحد إِسْمُ زمان ۋە إِسْمُ مكان.

مَضْرِبَان — ئىككى قېتىم ئۇرغان ۋاقىت ۋە ئۇنىڭ ئىككى ئورنى، صيغة سى — تثنية إِسْمُ زمان ۋە إِسْمُ مكان.

مَضَــارِبٌ — كۆپ قېتىم ئۇرغان ۋاقىت ۋە ئۇنىڭ كۆپ ئورنى، صيغة سى — جمع إِسْمُ زمان ۋە إِسْمُ مكان.

## 10. ھەرىكەتنام

«المصدر الميمي» بولسا «الثلاثي المجــرد»تىن «ع» زەۋەرلىك «مَفْعَلٌ» ئۆلچىمىدە ياسىلىدۇ، مەسىلەن: «مَنْصَرٌ(ياردەم بەرمەك)، مَعْلَمٌ(بىلمەك)، مَضْرَبٌ(ئۇرماق)»گە ئوخشاش؛ «الثلاثي المجرد»نىڭ باشقىسىدىن إِسْمُ مفعــول بىلەن ئوخشاش ئۆلچەمدە كېلىدۇ. مەسىلەن: «مُكْرَمٌ، مُدَخْرَجٌ، مُتَدَحْرَجٌ».

## 11. سايمان نامى

إِسْمُ آلَة بولسا «الثلاثي المجرد»تىن «مفْعَلٌ، مفْعَــالٌ، مفْعَلَــةٌ» ئۆلچىمىدە ياسىلىدۇ، مەسىلەن: «مِسْــطَرٌ (سىزغۇچ)، مِفْتَاحٌ(ئاچقۇچ)، مِكْنَسَةٌ (سۈپۈرگە)»گە ئوخشاش.

إِسْمُ آلَةنىڭ ئۈچ صيغة سى بار،

مِضْرَابٌ — بىر دانە ئۇرۇش ئەسۋابى، صيغة سى — واحــد إِسْمُ آلَة.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



مِضْرَابَانِ —— ئىككى دانە ئۇرۇش ئەسۋابى، صيغة سى —— تثنية إِسْمُ آلَة.

مَضَارِيْبُ —— نۇرغۇن ئۇرۇش ئەسۋابى، صيغة سى —— جمع إِسْمُ آلَة.

## 12. ئاشۇرما سۈپەت

إِسْمُ التفضيلنىڭ ئالتە صيغة سى بار بولۇپ، ئۈچى «مذكر» ئۈچۈن، ئۈچى «مؤنث» ئۈچۈندۇر.

ئۈچ «مذكر»:

اَضْرَبُ —— ئۇرغاقراق( بىر ئەر)، صيغة سى —— واحد مذكر إِسْمُ تفضيل.

اَضْرَبَانِ —— ئۇرغاقراق (ئىككى ئەر)، صيغة سى —— تثنية مذكر إِسْمُ تفضيل.

اَضْرَبُونَ —— ئۇرغاقراق (كۆپ ئەرلەر)، صيغة سى —— جمع مذكر إِسْمُ تفضيل.

ئۈچ «مؤنث»:

ضُرْبَى —— بەك ئۇرغاق (بىر ئايال)، صيغة سى —— واحدة مؤنث إِسْمُ تفضيل.

ضُرْبَيَانِ —— بەك ئۇرغاق (ئىككى ئايال)، صيغة سى —— تثنية مؤنث إِسْمُ تفضيل.

ضُرْبَيَاتٌ —— بەك ئۇرغاق (كۆپ ئاياللار)، صيغة سى —— جمع مؤنث إِسْمُ تفضيل.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



# ئىككىنچى بۆلۈم

# پېئىللارنىڭ تۈرلىنىشى(1)

## (معزى)

### 1. پېئىل قۇرۇلمىلىرى (بِنَاءُ الأَفْعَال)

ئەرەب تىلىدا پېئىللار (بۇ شاخلانغان ئىسىملارنىمۇ كۆرسىتىدۇ.) قايسى قۇرۇلمىدا بولۇشتىن قەتئىينەزەر **صَحِيْحٌ** (ساغلام پېئىللار)، **مُضَاعَفٌ** (تەكرار ھەرپى بار بولغان پېئىللار)، **مِثَالٌ** («ف»نىڭ ئۆدۈلىدا كېسەل ھەرپ بار بولغان پېئىللار)، **اَجْوَفٌ** («ع»نىڭ ئۆدۈلىدا كېسەل ھەرپ بار بولغان پېئىللار)، **نَاقِصٌ** («ل»نىڭ ئۆدۈلىدا كېسەل ھەرپ بار بولغان پېئىللار)، **لَفِيْفٌ** («ع، ل»نىڭ ئۆدۈلىدا كېسەل ھەرپ بار بولغان پېئىللار) ۋە **مُلْتَوِيٌّ** («ف، ل» نىڭ ئۆدۈلىدا كېسەل ھەرپ بار بولغان پېئىللار) بولۇشتىن خالىي ئەمەس. دېمەكچىمىزكى، ھەرقانداق بىر پېئىل ئەرەب تىلىدا يۇقىرىقى يەتتە شەكىلنىڭ مەلۇم بىرىگە چۈشمەي قالمايدۇ، ئېنىق بولسۇن ئۈچۈن بۇ يەردە يۇقىرىقى يەتتە خىل قۇرۇلمىلىق پېئىل شەكىللىرىنى كونكرېت چۈشەندۈرۈپ ئۆتىمىز.

**1. صَحِيْحٌ**

بۇ، تەركىبىدە كېسەل ھەرپ ۋە ھەرپلەرنىڭ تەكرارلىنىش ھادىسىسى كۆرۈلمىگەن سۆزدۇر. مەسىلەن:

**ذَهَبَ** (باردى)

**دَحْرَجَ** (يۇمۇلاتتى)

**مَرِضَ** (كېسەل بولدى)

**2. مُضَاعَفٌ**

بۇ ئىككى قىسىمدۇر. بىرى **مُضَاعَفٌ ثُلاَثِــيٌّ** (ئۈچ ھەرپلىك ھەسسىلىك سۆز)؛ يەنە بىرى، **مُضَــاعَفٌ رُبَــاعِيٌّ** (تۆت ھەرپلىك ھەسسىلىك سۆز).

**مُضَاعَفٌ ثُلاَثِيٌّ** دا: ئۇنىڭ «ع، ل» ئۇدۇلىدىكى ھەرپلىرى بىر جىنستىن بولىدۇ. مەسىلەن:

**فَرَّ** ئەسلىسى: **فَرَرَ** (قاچتى)

**جَرَّ** ئەسلىسى: **جَرَرَ** (تارتتى)

**مُضَاعَفٌ رُبَــاعِيٌّ** دا: تۆت ھەرپلىك پېئىللاردا «ف» بىلەن بىرىنچــى «ل»؛ «ع» بىلــەن ئىككىنچــى «ل» ئۇدۇلــدىكى ھەرپلەرنىڭ بىــر جىنســتىن بولۇش ھادىســىدىن ئىبــارەت. مەسىلەن:

**صَرْصَرَ** (قاتتىق شامال، بوران چىقتى)

**زَلْزَلَ** (تەۋرەتتى، ئىغاڭلاتتى)

(يەتتە خىل قۇرۇلمىنىڭ ئالدىنقى ئىككىسىدىن باشقىسى «**حَرْفُ عِلَّــةٍ**» دىن خالىي بولمايدۇ. بۇلاردا ئۇچرىغان كېسەل ھەرپلەرنى بىر تەرەپ قىلىش ئۇسۇللىرى «**اِعْــلاَلٌ** قائىدىسى» دېيىلىدۇ.)

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com



3. مثَالٌ

بۇ، تەركىبىدىكى «ف»نىڭ ئۇدۇلىدا كېسەل ھەرپلەردىن «و،ي» بولغان سۆزدۇر. مەسىلەن:

وَعَدَ (ۋەدە بەردى، كېلىشتى)

يَسَرَ (قىمار ئوينىدى)

4. اَجْوَفٌ

بۇ، تەركىبىدىكى «ع»نىڭ ئۇدۇلىدا كېسەل ھەرپ بولغان ۋە بۇ ھەرپلەر «ع» نىڭ ئۇدۇلىدا بىر ــ بىرىگە يۆتكەلگەن سۆزدۇر. مەسىلەن:

قَالَ ئەسلىسى: قَوَلَ (دېدى، ئېيتتى)

بَاعَ ئەسلىسى: بَيَعَ (ساتتى)

5. نَاقِصٌ

بۇ، تەركىبىدىكى «ل»نىڭ ئۇدۇلىدا كېسەل ھەرپ بولغان سۆزدۇر. مەسىلەن:

رَخُوَ (يۇمشىدى، بوشاشتى)

رَضِيَ (رازى بولدى)

دَعَا ئەسلىسى: دَعَوَ (چاقىردى)

رَمٰى ئەسلىسى: رَمَيَ (ئاتتى)

6. لَفِيْفٌ

بۇ، تەركىبىدىكى «ع، ل» نىڭ ئۇدۇلىدا كېسەل ھەرپ بولغان سۆزدۇر. مەسىلەن:

رَوِيَ (ئۇسسۇزلۇقى بېسىقتى)

قَوِيَ (كۈچلەندى، كۈچلۈك بولدى)

7. مُلْتَوِيٌّ

بۇ، تەركىبىدىكى «ف، ل»نىڭ ئۇدۇلىدا كېسەل ھەرپ

بولغان سۆزدۇر. مەسىلەن:

وَشيَ (سۇخەنچىلىك قىلدى)

وَجِيَ (بېخىل بولدى)

## 2. پېئىل ۋەزىنلىرى (اَوْزَانُ الاَفْعَال)

ئەرەب تىلشۇناسلىرى پېئىللارنىڭ قۇرۇلمىلىرىنى جەمئىي يىگىرمە ئىككى بابقا بۆلگەن. بۇ پېئىل قۇرۇلمىلىرىنىڭ يىگىرمە ئىككى بابى يەنە پېئىللارنى تەشكىل قىلغۇچى ھەرپلەرنىڭ سانىغا قاراپ تۆت بۆلەككە بۆلۈنىدۇ. ئۇلار ئەسلى ئۈچ ھەرپلىك پېئىللارغا مەنسۇپ ئون ئىككى باب، ئەسلى تۆت ھەرپلىك پېئىللارغا مەنسۇپ بىر باب، تۆتتىن ئارتۇق ھەرپلىك پېئىللارغا مەنسۇپ ئۈچ بابتىن ئىبارەت. تۆۋەندە بۇ يىگىرمە ئىككى بابنىڭ تىزىملىكىنى كۆرسىتىمىز:

بىرىنچى بۆلەك: ئەسلى ئۈچ ھەرپلىك پېئىللارنىڭ ئالتە بابى:

1) فَعَلَ يَفْعِلُ فَعْلاً: ← ضَرَبَ يَضْرِبُ ضَرْبًا

2) فَعَلَ يَفْعُلُ فَعْلاً: ← نَصَرَ يَنْصُرُ نَصْرًا

3) فَعَلَ يَفْعَلُ فَعْلاً: ← مَنَعَ يَمْنَعُ مَنْعًا

4) فَعِلَ يَفْعَلُ فَعْلاً: ← حَمِدَ يَحْمَدُ حَمْدًا

5) فَعِلَ يَفْعِلُ فُعْلاً: ← نَعِمَ يَنْعِمُ نعْمًا

6) فَعُلَ يَفْعُلُ فُعْلاً: ← شَرُفَ يَشْرُفُ شُرْفاً

ئىككىنچى بۆلەك: ئۈچتىن ئارتۇق ھەرپلىك پېئىللارنىڭ ئون ئىككى بابى:

ئۇيغۇر كىتاب تورى بىكىتى
www.uyghurkitap.com



1) اَفْعَلَ يُفْعِلُ اِفْعَالاً: ← اَكْرَمَ يُكْرِمُ اِكْرَامًا مُكْرِمٌ مُكْرَمٌ لَمْ يُكْرِمْ لاَيُكْرِمُ اَكْرِمْ لِيُكْرِمْ لاَتُكْرِمْ.

2) فَعَّلَ يُفَعِّلُ تَفْعِيْلاً: ← صَرَّحَ يُصَرِّحُ تَصْرِيْحًا مُصَرِّحٌ مُصَرَّحٌ لَمْ يُصَرِّحْ لاَيُصَرِّحُ صَرِّحْ لِيُصَرِّحْ لاَتُصَرِّحْ

3) فَاعَلَ يُفَاعِلُ مُفَاعَلَةً: ← سَافَرَ يُسَافِرُ مُسَافَرَةً مُسَافِرٌ مُسَافَرٌ لَمْ يُسَافِرْ لاَيُسَافِرُ سَافِرْ لِيُسَافِرْ لاَتُسَافِرْ مُسَافَرٌ

4) اِفْتَعَلَ يَفْتَعِلُ اِفْتِعَالاً: ← اِحْتَسَبَ يَحْتَسِبُ اِحْتِسَابًا مُحْتَسِبٌ مُحْتَسَبٌ لَمْ يَحْتَسِبْ لاَيَحْتَسِبُ اِحْتَسِبْ لِيَحْتَسِبْ لاَتَحْتَسِبْ مُحْتَسَبٌ

5) اِنْفَعَلَ يَنْفَعِلُ اِنْفِعَالاً: ← اِنْسَحَبَ يَنْسَحِبُ اِنْسِحَابًا مُنْسَحِبٌ مُنْسَحَبٌ لَمْ يَنْسَحِبْ لاَيَنْسَحِبُ اِنْسَحِبْ لِيَنْسَحِبْ لاَتَنْسَحِبْ مُنْسَحَبٌ.

6) اِفْعَلَّ يَفْعَلُّ اِفْعِلاَلاً: ← اِحْمَرَّ يَحْمَرُّ اِحْمِرَارًا مُحْمَرٌّ مُحْمَرٌّ لَمْ يَحْمَرَّ لاَيَحْمَرُّ اِحْمَرَّ لِيَحْمَرَّ لاَتَحْمَرَّ مُحْمَرٌّ.

7) اِفْعَالَّ يَفْعَالُّ اِفْعِيْلاَلاً: ← اِسْوَادَّ يَسْوَادُّ اِسْوِيْدَادًا مُسْوَادٌّ لَمْ يَسْوَادَّ لاَيَسْوَادُّ اِسْوَادَّ لِيَسْوَادَّ لاَتَسْوَادَّ مُسْوَادٌّ.

8) تَفَعَّلَ يَتَفَعَّلُ تَفَعُّلاً: ← تَفَصَّحَ يَتَفَصَّحُ تَفَصُّحًا مُتَفَصِّحٌ مُتَفَصَّحٌ لَمْ يَتَفَصَّحْ لاَيَتَفَصَّحُ تَفَصَّحْ لِيَتَفَصَّحْ لاَ تَتَفَصَّحْ مُتَفَصَّحٌ.

9) تَفَاعَلَ يَتَفَاعَلُ تَفَاعُلاً: ← تَدَارَكَ يَتَدَارَكُ تَدَارُكًا مُتَدَارِكٌ مُتَدَارَكٌ لَمْ يَتَدَارَكْ لاَيَتَدَارَكُ تَدَارَكْ لِيَتَدَارَكْ لاَتَتَدَارَكْ مُتَدَارَكٌ.

10) اِسْتَفْعَلَ يَسْتَفْعِلُ اِسْتِفْعَالاً: ← اِسْتَخْرَجَ يَسْتَخْرِجُ اِسْتِخْرَاجًا مُسْتَخْرِجٌ مُسْتَخْرَجٌ لَمْ يَسْتَخْرِجْ لاَيَسْتَخْرِجُ اِسْتَخْرِجْ لِيَسْتَخْرِجْ لاَتَسْتَخْرِجْ مُسْتَخْرَجٌ.

11) اِفْعَوْعَلَ يَفْعَوْعِلُ اِفْعِيْلاَلاً: ← اِحْدَوْدَبَ يَحْدَوْدِبُ اِحْدِيْدَابًا مُحْدَوْدِبٌ مُحْدَوْدَبٌ لَمْ يَحْدَوْدِبْ لاَيَحْدَوْدِبُ اِحْدَوْدِبْ لِيَحْدَوْدِبْ لاَ تَحْدَوْدِبْ.

12) اِفْعَوَّلَ يَفْعَوِّلُ اِفْعِوَّالاً: ← اِجْلَوَّذَ يَجْلَوِّذُ اِجْلِوَّاذًا مُجْلَوِّذٌ مُجْلَوَّذٌ لَمْ يَجْلَوِّذْ لاَيَجْلَوِّذُ اِجْلَوِّذْ لِيَجْلَوِّذْ لاَتَجْلَوِّذْ.

ئۈچىنچى بۆلەك: ئەسلى تۆت ھەرپلىك پېئىللارنىڭ بىر بابى

1) فَعْلَلَ يُفَعْلِلُ فِعْلاَلاً: ← دَحْرَجَ يُدَحْرِجُ دِحْرَاجًا مُدَحْرِجٌ مُدَحْرَجٌ لَمْ يُدَحْرِجْ لاَيُدَحْرِجُ دَحْرِجْ لِيُدَحْرِجْ لاَتُدَحْرِجْ مُدَحْرَجٌ.

تۆتىنچى بۆلەك: تۆتتىن ئارتۇق ھەرپلىك پېئىللارنىڭ ئۈچ بابى، بۇلار ئۆتۈمسىز پېئىللاردۇر.

1) تَفَعْلَلَ يَتَفَعْلَلُ تَفَعْلُلاً: ← تَدَحْرَجَ يَتَدَحْرَجُ تَدَحْرُجًا مُتَدَحْرِجٌ مُتَدَحْرَجٌ لَمْ يَتَدَحْرَجْ لاَيَتَدَحْرَجُ تَدَحْرَجْ لِيَتَدَحْرَجْ لاَتَتَدَحْرَجْ مُتَدَحْرَجٌ.

2) اِفْعَنْلَلَ يَفْعَنْلِلُ اِفْعِنْلاَلاً: ← اِبْرَنْشَقَ يَبْرَنْشِقُ اِبْرِنْشَاقًا مُبْرَنْشِقٌ مُبْرَنْشَقٌ لَمْ يَبْرَنْشِقْ لاَيَبْرَنْشِقُ اِبْرَنْشِقْ لِيَبْرَنْشِقْ لاَتَبْرَنْشِقْ.

3) اِفْعَلَلَّ يَفْعَلِلُّ اِفْعِلاَّلاً: ← اِقْشَعَرَّ يَقْشَعِرُّ اِقْشِعْرَارًا مُقْشَعِرٌّ مُقْشَعَرٌّ لَمْ يَقْشَعِرَّ لاَيَقْشَعِرُّ اِقْشَعِرَّ لِيَقْشَعِرَّ لاَتَقْشَعِرَّ.

## 3. پېئىللارنى تۈرلەش (تَصْرِيْفُ الاَفْعَال)

يۇقىرىدا بىز ئەرەب تىلىدىكى بارلىق پېئىللارنىڭ شەكىل قۇرۇلمىسىنى يەتتە خىلغا بۆلگەنىدۇق. ئاندىن ئەرەب تىلىدىكى بارلىق پېئىللارنىڭ ۋەزىن - ئۆلچەملىرىنى قىسقىچە تونۇشتۇرۇپ ئۆتتۇق. بۇ قىسىمدا ئەسلى ئۈچ ھەرپلىك پېئىللار،

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



ئۈچتىن ئارتۇق ھەرپلىك پېئىللار، ئەسلى تۆت ھەرپلىك پېئىللار ۋە تۆتتىن ئارتۇق ھەرپلىك پېئىللار دېگەن تۆت قىسىم بويىچە ئەرەب تىلىدىكى پېئىللارنىڭ ئومۇمىي تۈرلىنىش ھالىتىنى كونكرېت مىساللار بىلەن تەپسىلىي شەرھىيلەپ ئۆتىمىز.

## 1. ئەسلى ئۈچ ھەرپلىك پېئىل (اَلْفِعْلُ الثُّلاَثِيُّ الْمُجَرَّدُ)

ثُلاَثِيٌّ مُجَرَّدٌنىڭ «مَصْدَرٌ» ۋە «وَزْنٌ» لىرى سَمَاعِيٌّ (قەدىمكىلەردىن ئاڭلىغان)دۇر. ثُلاَثِيٌّ مُجَرَّدٌ دا مىملىق مَصْدَرٌ تۆت ۋەزىندە كېلىدۇ. مَفْعَلٌ — مَعْنًى (خالىماق)، مَفْعِلٌ — مَوْعِدٌ (ۋەدە قىلماق)، بۇ ئاساسلىقى «مِثَالٌ»دا كېلىدۇ. بەزى سۆزلەردە «اَجْوَفُ يَايِي» بولۇپمۇ مۇشۇ ۋەزىندە كېلىدۇ. مەسىلەن: مَفْعِلٌ — مَجِيْءٌ (كەلمەك)، مَفْعَلَةٌ — مَرْضَاةٌ (رازى بولماق)، مَفْعِلَةٌ — مَعْصِيَةٌ (گۇناھكار بولماق).

### 1) فَعَلَ يَفْعِلُ بابى (اَحَدُهَافَعَلَ يَفْعِلُ).

بۇ بابتا «مَصْدَرٌ»لەر ئون ئىككى ۋەزىن بىلەن كېلىدۇ، فَعْلٌ — ضَرْبٌ (ئۇرماق)، فُعُوْلٌ — جُلُوْسٌ (ئولتۇرماق)، فِعْلٌ — كِذْبٌ (يالغان سۆزلىمەك)، فَعَلَةٌ - غَلَبَةٌ (غەلىبە قىلماق)، فِعَالَةٌ - حِمَايَةٌ (ساقلىماق)، فُعْلاَنٌ — غُفْرَانٌ (كەچۈرمەك)، فَعِلٌ - نَبِحٌ (ئىتنىڭ ئاۋازى)، فَعْلاَنٌ - سَكْرَانٌ (مەست بولماق)، فِعَالٌ - صِرَافٌ (قايتۇرماق)، فَعَالٌ - قَضَاءٌ (ھۆكۈم قىلماق)، فُعَلٌ هُدٰى (يولغا باشلىماق)، فِعْلاَنٌ — عِصْيَانٌ (ئاسىي بولماق).

بۇ بابتىكى بىر قانچە مۇھىم قائىدىلەر: (1) ئىككى ھەرپ بىر خىلدىن بولۇپ، اِدْغَامٌ (كىرىشتۇرۇش) شەرتى مەۋجۇت بولسا، بىرىنچى ھەرپ ئىككىنچى ھەرپكە اِدْغَامٌ قىلىنىدۇ. اِدْغَامٌ قىلىنىشىنىڭ شەرتى: ئىككى ھەرپ بىر خىلدىن بولۇپ، بىرىنچى ساكىن، ئىككىنچىسى ھەرىكەتلىك بولۇش، ئەگەر ئىككى ھەرپ

بىر خىلدىن بولۇپ، ھەر ئىككىسى ھەرىكەتلىك[1] بولسا، ئەھۋالىغا قارايمىز. ئەگەر ئالدىنقى ھەرپ ھەرىكەتلىك بولسا، ئىككى ئوخشاش ھەرپنىڭ بىرىنچىسىنىڭ ھەرىكىتىنى تاشلايمىز (ئەرەب تىلى قائىدىسىدە ھەرقانداق ھەرپنىڭ ھەرىكىتى تاشلانسا، ساكىنلىق ھالەتنى ساقلاپ قالىدۇ).

ئەگەر ئالدىنقى ھەرپ ساكىنلىق بولسا، ئوخشاش ئىككى ھەرپنىڭ بىرىنچىسىنىڭ ھەرىكىتىنى ئالدىغا بېرىمىز. بەزىدە ئىككى ھەرپ بىر خىلدىن بولغاندا، بىرى يوقىتىلىدۇ. ئايەتتىكى «فَظَلْتُمْ»، ئەسلى **فَظَلْلْتُمْ** دۇر. (2) ياء بىلەن **كَسْرُ تَحْقِيق**[2] ئارىسىدا «ۋاۋ» كەلسە، ئۇنى تاشلاش لازىم. ئەمما ۋاۋ ئارقىسىدىكى زىر يوقالسا، ئەسلىگە قايتۇرۇلىدۇ. مەسىلەن: **يُوْثَبُ** دەك. (3) ۋاۋ ساكىن بولۇپ، ئالدى زىر بولسا، ئۇنى ياء قا يۆتكەش لازىم. (4) ياء ساكىن بولۇپ ئالدى پىچ بولسا، ئۇنى ۋاۋغا يۆتكەش لازىم.

(5) ۋاۋ، ياء ھەرىكەتلىك بولۇپ، ئالدى زەۋەر بولسا، ئۇلارنى ئەلىفقا يۆتكەش لازىم. (6) ئىككى ساكىن بىرگە كەلسە، بىرنى يوقىتىش لازىم. (7) ۋا، ياء لار ئارتۇق ئەلىفتىن كېيىن كەلسە، ئۇلارنى ھەمزىگە يۆتكەش لازىم. (8) ھەمزىدىن بىھاجەت

---

[1] بۇ كىتابتا ھەرىكەت (حَرِكَةٌ)، ئىئراب (اِعْرَابٌ) ۋە بەلگە (سوزۇق تاۋۇشى بەلگىسى) لەر بىر خىل مەنىدە ئىشلىتىلىدۇ.

[2] ئەسلىدىلا زىر بولسا، «كَسْرُتَحْقِيق»، ئەسلىدىكى زەۋەر تەلەپپۇزغا ئېغىر كېلىپ ياكى باشقا سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن زىرغا يۆتكەلگەن بولسا، «كَسْرُتَقْدِيْر» دېيىلىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



بولۇشىنىڭ شەرتى كېيىنكى ھەرپ ھەرىكەتلىك بولۇشتىن ئىبارەت. (9) ياء، ۋاۋلارنىڭ ئالدى ھەرىكەتلىك، ئۆزلىرى پەيچ بولسا ئۇلارنىڭ ھەرىكىتىنى تاشلاش لازىم. (10) ۋاۋ، ياء بىر سۆزدە كېلىپ، ئالدىنقىسى ساكىن بولسا، ۋاۋنى ياء قا يۆتكەش لازىم.

بۇ زىرلىك ئەين (ع) بابىمۇ دېيىلىدۇ. بۇ يەردە ضَرَبَ يَضْرِبُ نى مىسال قىلىپ بۇ بابنى چۈشەندۈرىمىز.

ضَرَبَ (ئۇردى)

يَضْرِبُ (ئۇرىدۇ)

ضَرْبًا (ئۇرماق)

ضَارِبٌ (ئۇرغۇچى)

مَضْرُوْبٌ (ئۇرۇلغۇچى)

لَمْ يَضْرِبْ (ئۇرمىدى)

لاَيَضْرِبْ (ئۇرمايدۇ)

اضْرِبْ (ئۇر)

(بۇ لامىسىز بۇيرۇقتۇر. بۇ بۇيرۇقنى كەلگۈسى زاماندىن پەيدا قىلىمىز. يەنى ئالدى بىلەن تَضْرِبُ نىڭ ئاخىرقى ھەرپى ساغلام ھەرپ بولغاچقا، ئۇنى ساكىنلىق قىلىمىز. بۇ چاغدا تَضْرِبْ بولىدۇ. ئاندىن ئالدىدىكى كەلگۈسى زامان ھەرپىنى تاشلىۋەتسەك، ضْرِبْ قالىدۇ. ساكىن بىلەن سۆز باشلاپ ئوقۇش مۇمكىن بولمىغاچقا، «ع» ئۇدۇلىدىكى «ر» بولسا زىرلىك بولغان تۈپەيلى سۆز ئالدىغا زىرلىك ئەلىفنى قوشۇپ اِضْرِبْ ھالىتىگە كەلتۈرىمىز.)

لِيَضْرِبْ (ئۇرسۇن)

(بۇ لاملىق بۇيرۇقتۇر. بۇنىڭدا ئالدى بىلەن كەلگۈسى زامان پېئىلى يَضْرِبُ نىڭ ئاخىرقى ھەرپى ساغلام ھەرپ بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇنى ساكىنلىق قىلىمىز. قېلىپ قالغان يَضْرِبْ نىڭ ئالدىغا زىرلىك لامنى قوشۇپ لاملىق ئەمر لِيَضْرِبْ نى شەكىللەندۈرىمىز.)

لَاتَضْرِبْ (ئۇرما)

(بۇنىڭدا كەلگۈسى زامان پېئىلى تَضْرِبُ نىڭ ئالدىغا توسقۇچى «لَا» [لَاالنَّاهِيَةُ] نى قوشىمىز. ئاندىن سۆز ئاخىرىدىكى ھەرپنى ساكىنلىق قىلىمىز. شۇنىڭ بىلەن ئىنكار بۇيرۇق لَاتَضْرِبْ شەكىللىنىدۇ.)

مَضْرِبٌ (ئۇرۇش ئورنى ياكى ۋاقتى)

مِضْرَابٌ (ئۇرۇش سايمىنى: كالتەك)

اَضْرَبُ (ئۇرغاقراق، بەك ئۇرىدىغان كىشى)

بۇ بابنىڭ فَرَّ يَفِرُّ شەكلىدىكى مُضَاعَفُ پېئىللىرى فَعَلَ يَفْعِلُ گە باراۋەر بولمايدۇ. كونكرېت ئەھۋال تۆۋەندىكىچە:

فَرَّ (قاچتى)

(بۇ فَعَلَ گە باراۋەر ئەمەس، ئەسلى فَرَرَ دۇر. بۇنىڭدا كېيىنكى ئىككى ھەرپ بىر جىنستىن بولغان. بۇنداق ئەھۋالدا ھەر ئىككى ھەرپ ھەرىكەتلىك بولغاچقا، ئىككىنچى ھەرپنىڭ ھەرىكىتىنى تاشلىساق فَرْرَ قالىدۇ. بۇ يەردە قوشۇۋېتىش شەرتى ھازىرلانغان بولغاچقا فَرْرَ نى فَرَّ گە ئايلاندۇرىمىز.)

يَفِرُّ (قاچىدۇ)

(بۇ يَفْعِلُ غا باراۋەر ئەمەس، ئەسلىسى يَفْرِرُ دۇر. بىر سۆزدە ئوخشاش جىنىستىن بولغان ئىككى ھەرپنىڭ ھەر ئىككىسى ھەرىكەتلىك، ئالدىدىكى ھەرپ بولسا ساكىنلىقتۇر. ئوخشاش

ئۇيغۇر كىتاب تورى بىكىتى www.uyghurkitap.com



ھەرپىنىڭ بىرىنچىسى ھەرىكەتلىك، ئالدىدىكى ھەرپ ساكىنلىق، ئارقىسىدىكى ئوخشاش ھەرپ ھەرىكەتلىك بولغان ئەھۋال ئاستىدا بىرىكتۈرۈش شەرتى بىلەن بىرىنچى ئوخشاش ھەرپىنىڭ ھەرىكىتىنى ئالدىدىكى ھەرپكە ئۆتكۈزۈپ، ئۇنى ساكىنلىق قىلىمىز. خۇددى يَفِـرُّ دەك، ئۇ يەردە بىرىنچى ھەرپ بىلەن ئىككىنچى ئوخشىشىنى قوشۇۋېتىش شەرتى ھازىرلانغان بولغاچقا، تەشدىد بەلگىسى بىلەنلا بۇ قوشۇلۇشنى يَفِـرُّ ھالىتىدە ئىپادىلەيمىز.)

فَارٌّ (قاچقۇچى)

(ئەسلى فَارِرٌ دۇر. ئىككى ئوخشاش ھەرپىنىڭ ھەر ئىككىسى ھەرىكەتلىك بولغاچقا، بىرىنچى جىنسىداش ھەرپىنىڭ ھەرىكىتىنى تاشلاپ ساكىنلىق ھالەتكە ئېلىپ كېلىمىز (چۈنكى ئەرەب تىلى قائىدىسىدە ھەرقانداق ھەرپىنىڭ ھەرىكىتى ئېلىپ تاشلانسا، ساكىنلىق ھالەتنى ساقلاپ قالىدۇ)، شۇنداق قىلىپ فَارْرٌ قالىدۇ. قوشۇۋېتىش شەرتى ھازىرلانغاچقا، بۇنى فَارٌّ ھالىتىگە ئېلىپ كېلىمىز ـــ دە، مُضَاعَفُ نىڭ اسم فاعل ى تامام بولىدۇ.)

مَفْرُوْرٌ (قاچۇرۇلغان، قاچۇرۇلغان كىشى)

لَمْ يَفِرَّ (قاچمىدى)

(بۇ ئۆتكەن زامان ئىنكار پېئىلىدۇر. ئەسلى شەكلى يَفِـرُّ بولۇپ، ئۇنىڭ ئالدىغا ساكىن قىلغۇچى لَـمْ (لَـمْ جَـازِمْ)نى كەلتۈرىمىز. ئاندىن سۆز ئاخىرىغا قارايدىغان بولساق، ئۇ بىرىكتۈرۈلگەن ھەرپتۇر. بۇ پېئىل مەنسۇپ بولغان باب «ع» لىك يَفْعِلُ بابى ئەمەس. ئۇنداقتا ساكىن قىلغۇچى «لَمْ» يَفْعُـلُ دىن باشقا بابلارغا قوشۇلغاندا، سۆز ئاخىرىنى زەۋەرلىك، زىرلىك

ياكى ساكىنلىق قىلىش توغرا بولىدۇ. لَمْ يَفِرَّ لَمْ يَفِرِّ. شۇنىڭ بىلەن بىرىكتۈرۈلگەن ھەرپنى پارچىلاپ ساكىنلىق ھەرپنى زىرلىك قىلىمىز. شۇندىلا لَمْ يَفْرِرْ بولىدۇ.)
لاَيَفِرُّ (قاچمايدۇ)
(ئۆزگىرىش ئەھۋالى كەلگۈسى زامان پېئىلىغا ئوخشاش.)
فِرَّ (قاچ)
(بۇ لامسىز بۇيرۇقتۇر. بۇنى كەلگۈسى زامان پېئىلى تَفِرُّدىن ئايرىيمىز. ئالدى بىلەن سۆز ئاخىرى تەشدىدلىك بىرىككەن ھەرپتۇر. سۆز بولسا يَفْعُلُ (عُ) بابىدىن ئەمەس. شۇ سەۋەبتىن ئۇنىڭ ئاخىرىغا زەۋەر، زىر ۋە ساكىننى قويۇش توغرا بولىدۇ. تەشدىدلىك بىرىكمىنى يەشكەندىن كېيىن زەۋەر ئارقىلىق سۆزنى تَفِرَّ ھالىتىگە كەلتۈرىمىز. ئاندىن زىر ئارقىلىق تَفِرِّ ھالىتىگە كەلتۈرىمىز. بىرىككەن ھەرپلەرنى يەشسەك تَفْرِرْ بولىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن كەلگۈسى زامان ھەرپىنى ئېلىپ تاشلىساق فِرَّ دىن ئىبارەت بۇيرۇق پېئىلى پۈتىدۇ.)
لِيَفِرَّ (قاچسۇن)
(بۇ لاملىق بۇيرۇقتۇر. بۇ بۇيرۇقنى يَفِرُّ دىن ئايرىپ چىقىرىمىز. ئالدىن بىلەن سۆز ئاخىرىنىڭ تەشدىد ئارقىلىق بىرىككەن ئوخشاش ئىككى ھەرپ ئىكەنلىكىگە، سۆزنىڭ يَفْعُلُ بابىدىن ئەمەسلىكىگە دىققەت قىلىمىز. شۇنىڭ بىلەن سۆز ئاخىرىغا زەۋەر، زىر ۋە ساكىنلار مۇناسىپ بولغانلىقى ئۈچۈن، زەۋەر ئارقىلىق يَفِرَّ ھالىتىگە كەلتۈرىمىز. سۆز تەۋە بولغان پېئىل بابىغا مۇناسىپ ھالدا زىر ئارقىلىق يَفِرِّ ھالىتىگە كەلتۈرىمىز. ئاندىن بىرىككەن ئىككى ھەرپنى يەشسەك يَفْرِرْ بولىدۇ. ئۇنىڭ ئالدىغا زىرلىك لامنى قوشساق لِيَفِرَّ لِيَفْرِرْ بولىدۇ.)

www.uyghurkitap.com



**لَاتَفِرَّ** (قاچما)

(بۇ شۇ پېئىلنىڭ ئىنكار بۇيرۇق شەكلىدۇر. بۇ ئەسلىدە **تَفِرُّ** بولۇپ، ئۇنىڭ ئالدىغا توسقۇچى «لَا»نى كەلتۈرىمىز. **لَاتَفِرُّ**نىڭ **لَاتَفِرَّ** شەكلىگە ئۆزگىرىش ئەھۋالىنى لامىسىز بۇيرۇق شەكلىنىڭ ئۆزگىرىش ئەھۋالىغا ئوخشىتىپ تەسەۋۋۇر قىلىشقا بولىدۇ.)

**مَفَرٌّ** (قېچىش ئورنى ياكى ۋاقتى)

(بۇ **إِسْمُ مكان** ۋە **إِسْمُ زمان** شەكلى بولۇپ، ئەسلىسى **مَفْرَرُ** دۇر. بۇنىڭدا بىر جىنىستىن بولغان ئىككى ھەرپ ھەرىكەتلىك ھالەتتە كەلگەن. ئۇلارنىڭ ئالدىدىكى ھەرپ ساكىنلىق بولغان ئەھۋالدا ئۇچىنچى ھەرپنىڭ ھەرىكىتىنى ئالدىدىكى ساكىنلىق ھەرپكە يۆتكەيمىز. شۇنىڭ بىلەن **مَفَرْرٌ** بولىدۇ. بۇ چاغدا سۆز ئاخىرىدا تەشدىد ئارقىلىق ئىككى ھەرپنى قوشۇۋېتىش شارائىتى ھازىرلانغاچقا بۇنى **مَفَرٌّ** غا ئۆزگەرتىمىز. شۇنىڭ بىلەن وِسمُ مكان ۋە وِسمُ زمان پۈتىدۇ.)

**مِفْرَارٌ** (قېچىش سايمىنى)

**أَفَرُّ** (قاچماق، قاچقاقراق)

(بۇ **إِسْمُ تَفْضِيل** بولۇپ، سۆزنىڭ ئەسلىسى **أَفْرَرُ** دۇر. بۇ سۆزدە بىر جىنىستىن بولغان ئىككى ھەرپنىڭ ھەر ئىككىسى ھەرىكەتلىك بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئالدىدىكى ھەرپ ساكىنلىق، ئۈچىنچى ھەرپنىڭ ھەرىكىتىنى ئالدىدىكى ھەرپكە يۆتكەش قائىدىسىگە بىنائەن، بۇ سۆزنى **أَفَرْرُ** ھالىتىگە ئېلىپ كېلىمىز. بۇ چاغدا بۇ سۆزدە تەشدىد ئارقىلىق ئوخشاش ھەرپنى بىرىكتۈرۈشنىڭ شەرتى ھازىرلانغان بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن **أَفَرُّ** شەكىللىنىدۇ.)

بۇ بابنىڭ وَثَبَ يَثِبَ شەكلىدىكى مِثَال الـوَاو ([و] ھەرپى

بىلەن باشلانغان مثال ) پېئىللىرىنىڭ كونكرېت تورلىنىشى تۆۋەندىكىچە:

وَثَبَ (سەكرىدى)

يَثِبُ (سەكرەيدۇ)

(يَثِبُ بۇ بابنىڭ مثال الواو سىدۇر. بۇ يَفْعِلُ غا باراۋەر ئەمەس. ئەسلىسى يَوْثِبُ دۇر. كەلگۈسى زامانىنى بىلدۈرىدىغان ھەرپلەر بىلەن ھەقىقىي زىر (كَسْرُتَحْقِيْق) لىك ھەرپ ئوتتۇرىسىدىكى ۋاۋنى يوق قىلىۋېتىش قائىدىسىگە ئاساسەن يَوْثِبُ دىكى ۋاۋنى يوق قىلىپ، يَثِبُ شەكلىدىكى كەلگۈسى زامان پېئىلىغا ئايلاندۇرىمىز.)

ثِبَةً (سەكرىمەك)

(ئەسلىسى وِثْبًا دۇر. كېسەل ھەرپلەر بىلەن ھەرىكەتلەرنىڭ ماسلىشىش قائىدىسىگە ئاساسلانغاندا ۋاۋغا زىر ماسلاشمايدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ سۆزدىكى زىرلىك ۋاۋنىڭ ئارقىسىدىكى ھەرپ ساكىنلىق بولغانلىقى ئۈچۈن، ۋاۋنىڭ زىر ھەرىكىتىنى ساكىنلىق ھەرپكە يۆتكەيمىز. شۇنىڭ بىلەن وِثْبًا بولىدۇ. بۇنىڭدىن كېيىن ۋاۋنىڭ ئورنىغا مەسدەر ياسىغۇچى (ة) نى يۆتكەپ ثِبَةً نى پەيدا قىلىمىز. بۇ يەردە ئالماشتۇرۇلغان (ة) نى ۋاۋنىڭ ئورنىغا قويماسلىقتىكى سەۋەب شۇكى، ئەگەر تاء ۋاۋنىڭ ئورنىغا قويۇلسا، ئۇنداقتا سۆز مەسدەرگە ئەمەس، بەلكى كەلگۈسى زامان پېئىلىغا ئوخشاپ قالىدۇ، خۇددى تِثِبُ دەك، شۇ سەۋەبتىن تاء ۋاۋنىڭ ئورنىغا قويۇلمايدۇ.)

وَاثِبٌ (سەكرىگۈچى)

مَوْثُوْبٌ (سەكرىتىلگۈچى)

لَمْ يَثِبْ (سەكرىمىدى)

(ئەسلىسى يَوْثِبُ دۇر. بۇنىڭ ئۆزگىرىش قائىدىسىنى كەلگۈسى زامان پېئىلىنىڭ ئۆزگىرىش ئەھۋالىغا قىياس قىلىش لازىم. ئالدى بىلەن يَوْثِبُ نىڭ ئالدىغا ساكىنلاشتۇرغۇچى «لَمْ» نى قويىمىز. بۇ سەۋەبتىن سۆزنىڭ ئاخىرى ساغلام ھەرپ بولغانلىقى تۈپەيلى، لَمْ يَوْثِبْ بولىدۇ. «ۋاۋ» حَرْفُ مُضارِعَة بىلەن كَسْرُ تَحْقِيْق ئارىسىدا كەلگەچكە ۋاۋنى تاشلىۋېتىمىز ـ دە، لَمْ يَثِبْ بولىدۇ.)

لاَيَثِبُ (سەكرىمەيدۇ)

(كەلگۈسى زامان ئىنكار ھەرپى «لاَ» قوشۇلغان بۇ خىلدىكى پېئىللارنىڭ ئۆزگىرىش ئەھۋالى كەلگۈسى زامان پېئىلىنىڭكىگە ئوخشاش.)

ثِبْ (سەكرە)

(بۇ لامسىز بۇيرۇق بولۇپ، بۇنى كەلگۈسى زامان پېئىل شەكلىدىن ئايرىپ چىقىرىمىز. ئالدى بىلەن كەلگۈسى زامان پېئىل شەكلى تَوْثِبُ نىڭ ئاخىرقى ھەرپى ساغلام ھەرپ بولغانلىقى سەۋەبلىك ئۇنى ساكىنلىق قىلىمىز. خۇددى تَوْثِبْ دەك. يەنە ئالدىنقى سەھىپىلەردىكى قائىدە بويىچە كەلگۈسى زامان ھەرپلىرى بىلەن ھەقىقىي زىرلىك ھەرپ ئارىسىدىكى ۋاۋنى يوقىتىمىز، شۇنىڭ بىلەن تَثِبْ قالىدۇ. بۇيرۇق پېئىلنى تۈرلەش قائىدىسى بويىچە ھازىرقى زامان ھەرپىنى تاشلايمىز. شۇنىڭ بىلەن لامسىز بۇيرۇق ثِبْ قالىدۇ.)

لِيَثِبْ (سەكرىسۇن)

(بۇ لاملىق بۇيرۇق بولۇپ، بۇنى كەلگۈسى زامان پېئىل شەكلى يَوْثِبُ دىن ئايرىيمىز. ئالدى بىلەن يَوْثِبُ نىڭ ئاخىرقى ھەرپى ساغلام ھەرپ بولغانلىقى سەۋەبلىك ئۇنى ساكىنلىق

قىلىمىز. خۇددى يَوْثِبْ دەك. يەنە ئالدىنقى سەھىپىلەردىكى قائىدە بويىچە كەلگۈسى زامان ھەرپلىرى بىلەن ھەقىقىي زىرلىك ھەرپ ئارىسىدىكى ۋاۋنى يوقىتىمىز. شۇنىڭ بىلەن يَثِبْ قالىدۇ. بۇيرۇق پېئىلىنى تۈرلەش قائىدىسى بويىچە ھازىرقى زامان ھەرپىنى تاشلايمىز. شۇنىڭ بىلەن لامسىز بۇيرۇق ثِبْ قالىدۇ.)

لِيَثِبْ (سەكرىسۇن)

(بَوْ لاملىق بۇيرۇق بولۇپ، بۇنى كەلگۈسى زامان پېئىل شەكلى تَوْثِبُ دىن ئايرىيمىز. ئالدى بىلەن يَوْثِبُ نىڭ ئاخىرقى ھەرپى ساغلام ھەرپ بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنى ساكىنلىق قىلىپ يَوْثِــبْ ھالىتىگە كەلتۈرىمىز. كەلگۈسى زامان ھەرپى بىلەن ھەقىقىي زىر ئوتتۇرىسىدا كەلگەن ۋاۋنى ئوخشاش قائىدە بويىچە قىسقارتىمىز، يَثِــبْ قالىدۇ. ئۇنىڭ ئالدىغا زىرلىك لامنى كەلتۈرىمىز. شۇنىڭ بىلەن لاملىق بۇيرۇق لِيَثِــبْ ھالىتىگە كېلىدۇ.)

لاَتَثِبْ (سەكرىمە)

(بۇ ئىنكار بۇيرۇق پېئىلى بولۇپ، ئەسلىسى تَوْثِــبُ دۇر. كەلگۈسى زامان ھەرپى بىلەن ھەقىقىي زىر ئوتتۇرىسىدا كەلگەن ۋاۋنى قىسقارتىپ، سۆز ئاخىرىدىكى ھەرپ ساغلام ھەرپ بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇنى ساكىنلىق قىلىپ، لاَتَثِــبْ شەكلىدىكى ئىنكار بۇيرۇق پېئىلىنى بارلىققا كەلتۈرىمىز.)

مَوْثِبٌ (سەكرەش ئورنى ياكى ۋاقتى)

مِيْثَابٌ (سەكرەشتە ئىشلىتىلىدىغان قورال ـ سايمان)

(بَوْ إِسْمُ آلَة شەكلى بولۇپ، بۇنىڭ ئەسلىسى مِوْثَــابٌ دۇر. بۇنىڭدا ۋاۋ ساكىنلىق، ئۇنىڭ ئالدىدىكى ھەرپ بولسا زىرلىكتۇر. زىر بىلەن «ى» ماسلىشىدىغانلىقى ئۈچۈن ۋاۋنىڭ ئورنىغا «ياء»

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



نى يۆتكەپ، مِيْثَــــابٌ شـەكلىدىكى قـورال ــ سـايمان ئىسـمىنى شەكىللەندۈرىمىز.)

اَوْثَبُ (سەكرىگەكرەك)

بۇ بابنىڭ يَسَرَ يَيْسِرُ شەكلىدىكى مىسـال اليـاء (ى) ھەرپى بىلـەن باشـلانغان مىسـال) پېئىللىرىنىڭ كونكرېت تۈرلىنىش ئەھۋالى تۆۋەندىكىچە:

يَسَرَ (قىمار ئوينىدى)

يَيْسِرُ (قىمار ئوينايدۇ)

يَسْرًا (قىمار ئوينىماق)

يَاسِرٌ (قىمارۋاز)

مَيْسُوْرٌ (قىماردا ئۇتۇلغۇچى)

لَمْ يَيْسِرْ (قىمار ئوينىمىدى)

(ئۆتكەن زامان ئىنكار پېئىلى بولۇپ، ئەسلىسى يَيْسِرُ دۇر. ساكىنلىق قىلغۇچى «لَـــمْ» نى كەلگۈسى زامان پېئىلىنىڭ ئالدىغا قوشساق، سۆز ئاخىرىدىكى ساغلام ھەرپ ساكىنلىق بولىدۇ. شۇ قائىدە بويىچە لَمْ يَيْسِرْ بولىدۇ.)

لاَيَيْسِرُ (قىمار ئوينىمايدۇ)

اِيْسِرْ (قىمار ئوينا)

(بۇ لامىسىز بۇيرۇقتۇر. بۇيرۇق پېئىلىنى كەلگۈسى زامان پېئىلىدىن ئايرىپ چىقىرىش قائىدىسى بويىچە، بۇنى تَيْسِرُ دىن ئايرىپ چىقىرىمىز. ئالدى بىلەن سۆز ئاخىرى ساغلام ھەرپ بىلەن ئاياغلاشقان بولغاچقا، ئاخىرقى ھەرپىنى ساكىنلىق قىلىمىز، شۇنىڭ بىلەن تَيْسِرْ قالىدۇ. ئاندىن كەلگۈسى زامان ھەرپى بولغان تاء نى تاشلايمىز. بۇنىڭ بىلەن يْسِــرْ قالىدۇ. سۆزنى ساكىن بىلەن باشلاپ ئوقۇش مۇشكۈل، ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ

پېئىل يَفْعَــــلُ (ع) بابىدىن بولغاچقا، سۆز ئالدىغا زىرلىك ئەلىفنى كەلتۈرىمىز، شۇنىڭ بىلەن لامىسىز بۇيرۇق اِيْسِــــرْ بولىدۇ.)

لِيَيْسِرْ (قىمار ئوينىسۇن)

(بۇ لاملىق بۇيرۇق شەكلىدۇر. بۇ بۇيرۇق شەكلىنى يَيْســـرُدىن ئۆزگەرتىپ ئالىمىز، ئالدى بىلەن سۆز ئاخىرىدىكى ساغلام ھەرپنى ساكىنلىق قىلىمىز. شۇنىڭ بىلەن يَيْســـرْ بولىدۇ. بۇنىڭ ئالدىغا زىرلىك لامنى كەلتۈرسەك لِيَيْسِرْ بولىدۇ.)

لاَتَيْسِرْ (قىمار ئوينىما)

(بۇ ئىنكار بۇيرۇق پېئىلى بولۇپ، ئەسلىسى كەلگۈسى زامان پېئىلى تَيْسِرُ ئىدى. ئالدى بىلەن سۆز ئالدىغا «لاَ» نى كەلتۈرۈپ لاَتَيْسِرْ ھالىتىگە كەلتۈرىمىز. ئاندىن سۆز ئاخىرىدىكى ساغلام ھەرپنى ساكىنلىق قىلىمىز، شۇنىڭ بىلەن ئىنكار بۇيرۇق پېئىلى لاَتَيْسِرْ شەكىللىنىدۇ.)

مَيْسِرٌ (تاۋكا، قىمار ئورنى)

مِيْسَارٌ (قىمار ئويناشقا ئىشلىتىلىدىغان سايمان، ئوشۇق، قارتا، شىشخال ... قاتارلىقلار)

اَيْسَرُ (ئۇستا قىمارۋاز)

بۇ بابنىڭ بَــــاعَ يَبِيْـــعُ شەكلىدىكى اَجْـــوَفُ يَـــاى (ئوتتۇرىسىدىكى ھەرپى (ى) بولغان ئەسلى ئۈچ ھەرپلىك پېئىل)نىڭ تۈرلىنىش ئەھۋالى تۆۋەندىكىچە:

بَاعَ (ساتتى)

(ئەسلىسى بَيَـــعَ بولۇپ، بۇنىڭدىكى «ي» ھەرىكەتلىك، ئۇنىڭ ئۈستىگە «ي» نىڭ ئالدىدىكى ھەرپمۇ زەۋەرلىك. مۇشۇنداق ئەھۋال ئاستىدا «ى»نى «ا»كە ئالماشتۇرۇش شەرتى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com



ھازىرلانغان بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بَـاعَ بولۇپ ئۆتكەن زامان شەكلى پۈتىدۇ.

يَبِيْعُ (ساتىدۇ)

(بۇنىڭ ئەسلىسى يَبْيِعُ بولۇپ، ئالدىدىكى ساغلام ھەرپ ساكىنلىق ئەھۋال ئاستىدا زىرلىك «ى» نىڭ زىر بەلگىسىنى ئالدىدىكى ھەرپكە ئۆتكۈزىمىز، شۇنىڭ بىلەن يَبِيْعُ بولىدۇ.)

بَيْعًا (ساتماق)

بَائِعٌ (ساتقۇچى، ھۆپىگەر)

(بۇنىڭ ئەسلىسى بَـايِعٌ بولۇپ، ئۇنىڭدا ئارتۇق ئەلىفتىن كېيىن زىرلىك ياء كەلسە، ئۇنى ھەمزىگە ئالماشتۇرۇش قائىدىسىگە ئاساسەن، بَائِعٌ نى بَايِعٌ شەكلىگە ئېلىپ كەلسەك ئەجۋەف يېئىلىنىڭ ئوتتۇرىسى ياء لىق شەكلىدىكى اسم فاعل ھاسىل بولىدۇ.)

مَبِيْعٌ (سېتىلغۇچى، سېتىلغان نەرسە)

(بۇنىڭ ئەسلىسى مَبْيُوْعٌ دۇر. بۇنىڭدا «ي» ھەرىكەتلىك، ئالدىدىكى ساغلام ھەرپ ساكىنلىق، «ي» نىڭ ھەرىكىتىنى ئالدىدىكى ھەرپكە بەرسەك مَبُيْوْعٌ بولىدۇ. بۇنىڭدا ساكىنلىق ھەرپتىن ئىككىسى بىر يەردە كېلىپ قالغانلىقى ئۈچۈن بۇنىڭدىكى ۋاۋنى ياءغا ئالماشتۇرساق مَبُيْيْعٌ بولىدۇ. يەنە ئىككى ساكىن بىر يەردە كېلىپ قالغاچقا، ئۇنىڭ ئۈستىگە بىر خىل ھەرپ ئۈستىدە كەلگەچكە، ئۇلارنى بىر ـ بىرىگە كىرگۈزۈۋەتسەك مَبُيْعٌ غا ئايلىنىدۇ. ياء غا مۇناسىپ بولسۇن ئۈچۈن ئالدىدىكى پېچلىق ھەرپنى زىرلىك قىلىمىز. شۇنىڭ بىلەن إِسْمُ مفعول شەكلى مَبِيْعٌ قالىدۇ.

لَمْ يَبِعْ (ساتمىدى)

(بۇ ئۆتكەن زامان ئىنكار پېئىلىنىڭ ئەسلى شەكلى يَبِيْعُ دۇر. بۇ كەلگۈسى زامان پېئىلى بولغاچقا ئالدىغا ساكىنلىق قىلغۇچى «لَمْ»نى كەلتۈرىمىز. ئاندىن سۆز ئاخىرى ساغلام ھەرپ بولغاچقا ئۇنى ساكىنلىق قىلىمىز. شۇنىڭ بىلەن لَمْ يَبِيْعْ ھالىتىگە كېلىدۇ. بۇنىڭدا ئىككى ساكىن بىرگە كېلىپ قالغاچقا ياء بىلەن ئەين ئارىسىدا ياء نى يوق قىلىمىز. شۇنىڭ بىلەن لَمْ يَبِعْ ھالىتىگە كېلىدۇ.)

لاَيَبِيْعُ (ساتمايدۇ)

(بۇنىڭ ئۆزگىرىش ئەھۋالى شۇ پېئىلنىڭ كەلگۈسى زامان پېئىل شەكلىنىڭ ئۆزگىرىش ئەھۋالىغا ئوخشايدۇ.)

بِعْ (سات)

(بۇ لامسىز بۇيرۇق شەكلى بولۇپ، بۇنى تَبِيْعُ دىن ئايرىپ چىقىرىمىز. بۇنىڭدا ئالدى بىلەن سۆزنىڭ ئاخىرقى ھەرپى ساغلام ھەرپ بولغاچقا، ئۇنى ساكىنلىق قىلىمىز. تَبِيْعْ ھالىتىگە كېلىدۇ. ئىككى ساكىن بىر يەردە كېلىپ قالغاچقا، ئىككى ھەرپتىن ياء نى تاشلايمىز، تَبِعْ قالىدۇ. ئاندىن كەلگۈسى زامان ھەرپى بولغان تاء نى تاشلايمىز. بِعْ قالىدۇ (بۇنىڭ ئالدىدىكى ھەرپ ھەرىكەتلىك بولغاچقا، يەنە زىرلىك ئەلىفنى قوشۇشنىڭ ھاجىتى قالمايدۇ).

لِيَبِعْ (ساتسۇن)

(بۇ لاملىق بۇيرۇق شەكلى بولۇپ، بۇنى يَبِيْعُ دىن ئايرىپ چىقىرىمىز. ئالدى بىلەن سۆزنىڭ ئاخىرىدىكى ساغلام ھەرپنى ساكىنلىق قىلساق يَبِيْعْ بولىدۇ. ئىككى ساكىن بىر يەردە كەلگەچكە ساكىنلىق ياء نى قىسقارتىۋېتىمىز. ئاندىن ئالدىغا زىرلىك لامنى كەلتۈرسەك، لاملىق بۇيرۇق لِيَبِعْ ھاسىل

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com



بولىدۇ.)

لاَتَبِعْ (ساتما)

(بۇ ئىنكار بۇيرۇق پېئىل شەكلى بولۇپ، بۇنى تَبِيْــعُ دىن ئايرىپ چىقىرىمىز. ئالدى بىلەن توسقۇچى «لاَ»نى سۆز ئالدىغا كەلتۈرىمىز. بۇنىڭ بىلەن سۆز ئاخىرىدىكى ساغلام ھەرپ ساكىنلىق ھالەتكە كېلىدۇ. يەنى لاَتَبِيْعْ بولىدۇ. ئەين بىلەن ياء نى قىسقارتىمىز، شۇنىڭ بىلەن لاَتَبِعْ ھاسىل بولىدۇ.)

مَبِيْعٌ (سېتىش ئورنى ياكى ۋاقتى)

(بۇ إِسْمُ مكان ۋە زامان شەكلى بولۇپ، ئەسلىسى مَبْيِعٌ دۇر. بۇنىڭدا ئالدىدىكى ساغلام ھەرپ ساكىنلىق بولغان ئەھۋالدا كېسەل ھەرپ ياء غا زىر بەلگىسى ئېغىر كېلىدۇ. شۇڭا، زىر بەلگىسىنى ئالدىغا يۆتكەيمىز. شۇنىڭ بىلەن مَبِيْعٌ قالىدۇ.)

مِبَاعٌ (سېتىشتا ئىشلىتىلىدىغان قورال — سايمان)

(بۇ إِسْمُ آلَة بولۇپ، ئەسلىسى مِبْيَعٌ دۇر. بۇنىڭدا ياء بولسا زەۋەر، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئالدىدىكى ساغلام ھەرپ ساكىنلىق. شۇنىڭ بىلەن ياء نىڭ ھەرىكىتىنى ئالدىغا يۆتكىسەك مِبَيْــعٌ بولىدۇ. يەنە يۆتكەلگەن ھەرىكەت سەۋەبىدىن زەۋەر ياء بىلەن ئەمەس بەلكى ئەلىف بىلەن ماسلىشىدىغانلىقى ئۈچۈن، بۇ يەردىكى ياء نى ئەلىفكە ئالماشتۇرىمىز. نەتىجىدە مِبَـاعٌ ھاسىل بولىدۇ.)

اَبَاعُ (ساتقاقراق، بەك ساتقۇچى)

(بۇ إِسْمُ تَفضِيل دۇر. بۇنىڭ ئەسلىسى اَبْيَعُ دۇر. بۇنىڭدا ياء ھەرىكەتلىك، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئالدىدىكى ساغلام ھەرپ ساكىنلىقتۇر. ئۇنداق بولغانىكەن، ياء نىڭ ھەرىكىتىنى ئالدىغا يۆتكەيمىز. شۇنىڭ بىلەن اَبَيْــعُ بولىدۇ. يۆتكەلگەن ھەرىكەت

ئېتىبارى بىلەن ياء نىڭ ئورنىغا ئەلىف نى قويساق اَبـاَ ع
شەكىللىنىدۇ.)

بۇ بابنىڭ **رَمَى يَرْمِى** شەكلىدىكى **نَـاقِصُ اليـاء** (ئاخىرقى
ھەرپى (ى) بولغان ئەسلى ئۈچ ھەرپلىك پېئىل) نىڭ تۈرلىنىش
ئەھۋالى تۆۋەندىكىچە:

**رَمَى** (ئاتتى، تاشلىدى)

(بۇ ئۆتكەن زامان پېئىلى بولۇپ، ئەسلى شەكلى **رَمَـيَ** دۇر.
بۇنىڭدا ياء ھەرىكەتلىك ۋە ئالدى ھەرپى زەۋەرلىك بولغاچقا ياء
نى ئەلىفكە ئالماشتۇرىمىز. شۇنىڭ بىلەن **رَمَى** بولىدۇ.)

**يَرْمِى** (ئاتىدۇ)

(كەلگۈسى زامان پېئىلى، ئەسلى شەكلى **يَرْمِـيُ** بولۇپ،
بۇنىڭدا پېش بەلگىسى ياء غا ئېغىر كېلىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە
ئالدىدىكى ھەرپ بولسا زىرلىكتۇر. شۇڭا، ياءنىڭ پېش بەلگىسىنى
تاشلىۋەتسەك **يَرْمِى** قالىدۇ.)

**رَمْيًا** (تاشلىماق، ئاتماق)

**رَامٍ** (ئاتقۇچى، تاشلىغۇچى)

(بۇ **إِسْمُ فاعل** بولۇپ، ئەسلى شەكلى **رَامِيٌ** دۇر. بۇنىڭدا پېش
بەلگىسى ياء غا نىسبەتەن ئېغىر ھېسابلىنىدۇ. ئالدىدىكى ھەرپ
بولسا زىرلىكتۇر. شۇڭا، ياء نىڭ پېشىنى تاشلايمىز. **رَامِـيْنْ**
قالىدۇ. ئىككى ساكىن بىر يەردە كەلگەچكە، تەنۋىن بىلەن ياء
ئوتتۇرىسىدا يـاء نى تاشلىۋېتىش توغرا بولغاچقا، شۇ بويىچە
قىلساق **رَامٍ** قالىدۇ.)

**مَرْمِيٌّ** (تاشلانغۇچى، ئېتىلغان نەرسە)

(**إِسْمُ مفعول** بولۇپ، ئەسلىسى **مَرْمُوْيٌ** دۇر. بۇنىڭدا ۋاۋ بىلەن
ياء دىن ئىبارەت ئىككى كېسەل ھەرپ بىرلىكتە كەلگەن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى www.uyghurkitap.com



ساكىنلىق ۋاۋنى ياء غا ئالماشتۇرساق مَرْمُيْيٌ بولىدۇ، بۇ يەردە ئىككى ئوخشاش ھەرپ بىرگە كەلگەچكە ۋە قوشۇۋېتىش شەرتى مەۋجۇت بولغاچقا، مَرْمُيٌّ ھالىتىنى شەكىللەندۇرىمىز. ياء غا مۇناسىپ بولسۇن دەپ ئۇنىڭ ئالدىدىكى ھەرپىنى زىرلىك قىلىمىز. شۇنىڭ بىلەن إِسْمُ مفعول بولغان مَرْمِيٌّ شەكىللىنىدۇ.)

لَمْ يَرْمِ (ئاتمىدى)

(بۇ ئۆتكەن زامان ئىنكار پېئىل شەكلىدۇر. ئەسلى شەكلى يَرْمِيُ بولۇپ، ئۇنىڭ ئالدىغا ساكىن قىلغۇچى «لَمْ» نى قوشىمىز. ئاندىن شەرت بويىچە ئاخىرقى ھەرپكە قارىساق، ئۇ كېسەل ھەرپ بولغانلىقى تۈپەيلىدىن ئۇنى تاشلىساق لَمْ يَرْمِ قالىدۇ.)

لاَيَرْمِي (ئاتمايدۇ)

(بۇنىڭ قۇرۇلمىسىنىڭ ئۆزگىرىش ئەھۋالى كەلگۈسى زامان پېئىلىنىڭكى بىلەن ئوخشاش.)

اِرْمِ (ئات، تاشلا)

(بۇ لامسىز بۇيرۇق بولۇپ، ئۇنى كەلگۈسى زامان پېئىلى تَرْمِيُ دىن ئايرىپ چىقىرىمىز. ئالدى بىلەن سۆز ئاخىرى كېسەل ھەرپ بولغاچقا ئۇنى تاشلايمىز. شۇندىلا تَرْمِ ھالىتىگە كېلىدۇ. ئاندىن كەلگۈسى زامان ھەرپى تاء نى تاشلىساق، رْمِ قالىدۇ. ساكىن بىلەن سۆزنى باشلاپ ئوقۇش مۇمكىن بولمىغاچقا سۆزنىڭ يَفْعِلُ (ع) بابىدىن ئىكەنلىكىنى نەزەردە تۇتۇپ، ئۇنىڭ ئالدىغا زىرلىك ئەلىفنى قوشۇپ، اِرْمِ دىن ئىبارەت لامسىز بۇيرۇق ھالىتىگە كەلتۈرىمىز.)

لِيَرْمِ (تاشلىسۇن، ئاتسۇن)

(بۇ لاملىق بۇيرۇق بولۇپ، بۇنى يَرْمِيُ دىن ئايرىيمىز. ئالدى

بىلەن سۆز ئاخىرىدىكى كېسەل ھەرپنى تاشلايمىز. ئاندىن قېلىپ قالغان قىسمىنىڭ ئالدىغا زىرلىك لامنى قوشىمىز. شۇنىڭ بىلەن لاملىق بۇيرۇق لِيَرْمِ پۈتىدۇ.)

**لاَتَرْمِ** (ئاتما، تاشلىما)

(بۇ ئىنكار بۇيرۇق بولۇپ، تَرْمِــيُ دىن ئايرىپ چىقىرىمىز. ئالدى بىلەن سۆز ئاخىرىغا توسقۇچى «لاَ»نى كەلتۈرىمىز. ئاندىن سۆز ئاخىرىدىكى كېسەل ھەرپنى تاشلايمىز. شۇنىڭ بىلەن لاَتَرْمِ قالىدۇ.)

**مَرْمًى** (تاشلاش ئورنى، قارىغا ئېتىش ئورنى ياكى ۋاقتى)

(إِسْمُ زمان ۋە إِسْمُ مكان بولۇپ، ئەسلىسى مَرْمَيٌ دۇر. بۇنىڭدا ياء ھەرىكەتلىكتۇر. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئالدىدا كەلگەن ھەرپ زەۋەرلىكتۇر. مۇشۇنداق ئەھۋالدا ياءنى ئەلىف بىلەن ئالماشتۇرىمىز. شۇنىڭ بىلەن مَرْمَاْنْ قالىدۇ. ئىككى ساكىننى بىرلىكتە ئوقۇش مۇمكىن بولمىغاچقا، ئەلىف بىلەن نۇن ئارىسىدا ئەلىفنى تاشلىۋېتىمىز، شۇنىڭ بىلەن مَرْمًى قالىدۇ.)

**مِرْمَاءٌ** (ئېتىش سايمىنى، سالغا)

(بۇ إِسْمُ آلَــة، بۇ ئەسلىدە مِرْمَــايٌ دۇر. ئارتۇق ئەلىفتىن كېيىن ياءَ كەلسە، ياء ئورنىغا ھەمزىنى قويۇش قائىدىسى بويىچە ئۆزگەرتىمىز، شۇنىڭ بىلەن مِرْمَاءٌ بولىدۇ.)

**اَرْمىٰ** (ئاتقاقراق، تاشلاشتا ئەڭ ياخشى)

(إِسْمُ تَفْضِيْلِ بولۇپ، ئەسلى اَرْمَــيُ بولۇش كېرەك. بىراق ئالدىدىكى ھەرپ زەۋەرلىك بولغان، ئۆزى ھەرىكەتلىك بولغان ياء ئەلىف بىلەن ئالماشتۇرۇش قائىدىسىگە ئاساسەن، اَرْمَــيُ نى اَرْمىٰغا ئۆزگەرتىمىز.)

بۇ بابنىڭ رَوٰى يَرْوِى شەكلىدىكى لَفِيْفُ الْيَــاءِ ء (ئاخىرقى

www.uyghurkitap.com



ھەرپى كېسەل ھەرپ (ياء) بىلەن ئاخىرلاشقان ئەسلى ئۈچ ھەرپلىك پېئىل) نىڭ تۈرلىنىش ئەھۋالى تۆۋەندىكىچە:

**رَوَى** (بايان قىلدى، رىۋايەت قىلدى)

(بۇ ئۆتكەن زامان شەكلى بولۇپ، ئەسلى شەكلى **رَوَيَ** دۇر. بۇنىڭدىكى ياء بولسا ھەرىكەتلىك، ئالدىدىكى ھەرپ بولسا زەۋەرلىكتۇر. شۇڭا، ئىلگىرىكى قائىدىگە ئاساسەن ياء نىڭ ئورنىغا ئەلىفنى قويىمىز. شۇنىڭ بىلەن **رَوَى** قالىدۇ.)

**يَرْوِي** (بايان قىلىدۇ، رىۋايەت قىلىدۇ)

(كەلگۈسى زامان شەكلى بولۇپ، ئەسلى شەكلى **يَرْوِيُ** دۇر. بۇنىڭدا ئىچ ھەرىكىتى ياء غا نىسبەتەن ئېغىر بولغاچقا ۋە ئۇنىڭ ئالدىدىكى ھەرپ زىرلىك بولغاچقا، ياء نىڭ بەلگىسى پىچنى تاشلىۋەتسەك، **يَرْوِي** قالىدۇ.)

**رَوَايَةً** (رىۋايەت، بايان قىلماق)

**رَاوٍ** (رىۋايەت قىلغۇچى، بايان قىلغۇچى)

(بۇ **إِسْمُ فاعل** بولۇپ، ئەسلى شەكلى **رَاوِيٌ** دۇر)

**مَرْوِيٌّ** (رىۋايەت قىلىنغان ئادەم ياكى ئىش، بايان قىلىنغۇچى)

( بۇ **إِسْمُ مَفْعُوْل** بولۇپ، ئەسلى شەكلى **مَرْوُوْيٌ** دۇر. بۇنىڭدا ۋاۋ بىلەن ياء بىر يەردە كېلىپ قالغاچقا، ۋاۋنى ياء غا ئالماشتۇرىمىز، **مَرْوُيْيٌ** بولىدۇ. بىر خىل ھەرپ ئىككى يەردە كېلىپ قالغاچقا، كىرىشتۈرۈش شەرتى بىلەن ياء بىلەن ياء نى قوشۇۋېتىمىز. شۇنىڭ بىلەن **مَرْوُيٌّ** بولىدۇ. ئاخىرىدا ياء غا مۇناسىپ بولسۇن ئۈچۈن ئۇنىڭ ئالدىدىكى ۋاۋنى زىرلىك قىلىمىز. شۇنداق قىلىپ **إِسْمُ مفعول** شەكلى **مَرْوِيٌّ** شەكىللىنىدۇ.)

لاَيَرْوِى (رىۋايەت قىلمايدۇ، بايان قىلمايدۇ)
ارْوِ (رىۋايەت قىل، بايان قىل)
(بۇ لامىسىز بۇيرۇق شەكلىدۇر. بۇنى تَــرْوِىُ دىن ئايرىپ چىقىرىمىز. ئالدى بىلەن سۆزنىڭ ئاخىرقى ھەرپى كىبسەل ھەرپ بولغاچقا ئۇنى تاشلىۋېتىمىز، ئاندىن كەلگۈسى زامان پېئىل ھەرپلىرىدىن بىرى بولغان تاء نى تاشلىۋېتىمىز. بۇنىڭدا رْوقالىدۇ. سۆزنى ساكىن بىلەن باشلاپ ئوقۇش مۇمكىنچىلىكى بولمىغاچقا ھەمدە بۇ سۆز يَفْعِــلُ ۋەزنىدىن بولغاچقا، ئالدىغا زىرلىــك ئــەلىفنى كــەلتۈرۈپ، لامىــــز بــۇيرۇق ارْوِ نــى شەكىللەندۈرىمىز.)
لِيَرْوِ (بايان قىلسۇن، رىۋايەت قىلسۇن)
لاَتَرْوِ (بايان قىلما، رىۋايەت قىلما)
مَرْوِىً (رىۋايەت قىلىش ۋاقتى ۋە ئورنى)
مِرْوًي (بايان قىلىشتا ئىشلىتىلىدىغان سايمان)
اَرْوٰى (ئوبدان بايــان قىلىــدىغان كىشــى، بــەك بايــان قىلىدىغان)
بۇ بابنىڭ وَحٰى يَحِي شەكلىدىكى مُلْتَوِىُ يَــاء (بىرىنچى ۋە ئۈچىنچى ھەرپى كىبسەل ھەرپ بولغان ئەسلى ئُوچ ھەرپلىك پېئىل) نىڭ تۈرلىنىش ئەھۋالى تۆۋەندىكىچە:
وَحٰى (ئىلھام بەردى، ۋەھىي قىلدى)
(بۇ ئۆتكەن زامان پېئىل شەكلى بولۇپ، ئەسلى شەكلى وَحَىَ دۇر. بۇنىڭدىكى ياء ئۆزى ھەرىكەتلىك، ئۇنىڭ ئالدىدىكى ھەرپ زەۋەرلىك بولغاچقا، ئۇنى ئەلىف كە ئۆزگەرتىمىز. شۇنىڭ بىلەن وَحٰى بولىدۇ.)
يَحِي (ئىلھام بېرىدۇ، ۋەھىي قىلىدۇ)

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



(بۇ كەلگۈسى زامان پېئىلى بولۇپ، ئەسلى يَـوْحِيُ دۇر. بۇ يەردە كەلگۈسى زامان پېئىلىنىڭ ھەرپى ياء بىلەن ھەقىقىي زىر ئوتتۇرىسىدىكى ساكىنلىق ۋاۋنى قىسقارتىۋېتىمىز. شۇنىڭ بىلەن يَحِـيُ بولىدۇ. يەنە بۇ شەكىلدە پىچ بەلگىسى ياء غا نىسبەتەن ئېغىر، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئالدىدىكى ھەرپ زىر بولغاچقا، بۇ يەردە ياء نىڭ پىچ بەلگىسىنى تاشلىۋېتىمىز. شۇنىڭ نەتىجىسىدە يَحِيْ ھاسىل بولىدۇ.)

وَحْيًا ( ئىلْھام بەرمەك، ۋەھيي، ۋەھيي قىلماق)

وَاحٍ (ئىلھام ئاتا قىلغۇچى، ۋەھيي بەرگۈچى)

(بۇ إِسْمُ فاعل بولۇپ، ئەسلى شەكلى وَاحِيٌ دۇر. بۇنىڭدا ياء ئۇچۇن ئېيتقاندا زىر ئېغىر ھېسابلىنىدۇ. شۇنىڭ ئۇچۇن ياء نىڭ پىچىنى تاشلىۋېتىمىز. قالغىنى وَاحِيْنْ بولىدۇ. بۇنىڭدا ئىككى ساكىن بىر يەردە كېلىپ قالغاچقا، ياء بىلەن نۇن ئارىسىدا ياء نى يوق قىلىمىز. قالغىنى وَاحِـنْ بولىدۇ، تەنۋىن قائىدىسىگە مۇناسىپ كەلگەچكە ئەسلىگە قايتۇرۇپ وَاحٍ غا ئايلاندۇرىمىز.)

مَوْحِيٌّ (ۋەھيي بېرىلگۈچى، ئىلھام ئاتا قىلىنغۇچى)

(بۇ إِسْمُ مفعول بولۇپ، ئەسلى شەكلى مَوْحُـوْيٌ دۇر. بۇنىڭدا ۋاۋ بىلەن ياء بىر يەردە كەلگەچكە، ساكىنلىق ۋاۋنى ياءغا ئالماشتۇرساق مَوْحُيْيٌ بولىدۇ. بۇنىڭدا ئىككى ئوخشاش ھەرپ بىرگە كېلىپ قالغاچقا، ئۇنىڭ ئۈستىگە بىرىكتۈرۈش شەرتى ھازىرلانغان بولغاچقا، ئىككى ياء نى بىرىكتۈرسەك مَوْحُيٌّ، ياء غا مۇناسىپ كەلتۈرۈپ مَوْحِيٌّ ھالىتىگە ئېلىپ كېلىمىز.)

لَمْ يَحِ (ئىلھام بەرمىدى، ۋەھيي قىلمىدى)

لاَيَحِ (ئىلھام بەرمەيدۇ، ۋەھيي قىلمايدۇ)

(بۇنىڭ ئۆزگىرىش ئەھۋالى كەلگۈسى زامان پېئىلىنىڭكى

بىلەن ئوخشايدۇ.)

حِ (ۋەھيي قىل، ئىلھام بەر)

(بۇ لامسىز بۇيرۇقتۇر. بۇنى كەلگۈسى زامان پېئىلى تَوْحِيْ دىن ئايرىيمىز. ئالدى بىلەن سۆزنىڭ ئاخىرىدىكى ھەرپ كېسەل ھەرپ بولغاچقا ئۇنى تاشلىساق تَوْحِ قالىدۇ. كەلگۈسى زامان پېئىلنىڭ ھەرپى بولغان تاء نى تاشلىۋەتسەك ۋە شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا كەلگۈسى زامان ھەرپى بىلەن ھەقىقىي زىر ئوتتۇرىسىدىكى ۋاۋنى يوقىتىۋەتسەك، نەتىجىدە حِ قالىدۇ.)

لِيَحِ (ۋەھيي قىلسۇن، ئىلھام بەرسۇن)

(بۇ لاملىق بۇيرۇق شەكلى بولۇپ، بۇنى يَوْحِيُ دىن ئايرىپ چىقىرىمىز. ئالدى بىلەن كەلگۈسى زامان ھەرپى بىلەن ھەقىقىي زىر ئوتتۇرىسىدىكى ۋاۋنى يوق قىلساق يَحِي قالىدۇ. پىچ ياء ئۆچۈن ئېغىر، شۇنداقلا ئالدىدىكى ھەرپ زىرلىك، شۇڭا ياءنى تاشلايمىز. ئاخىرىدا زىرلىك لامنى سۆز ئالدىغا قويساق لِيَحِ ھالىتىگە كېلىدۇ.)

لاَتَحِ (ۋەھيي قىلماق، ئىلھام بەرمەك)

(بۇ ئىنكار بۇيرۇق شەكلى بولۇپ، بۇنى تَوْحِيُ دىن ئايرىيمىز. ئالدى بىلەن كەلگۈسى زامان ھەرپى بىلەن ھەقىقىي زىر ئوتتۇرىسىدىكى ۋاۋنى يوق قىلىمىز. قالغىنى تَحِيُ بولىدۇ. بۇنىڭ ئالدىغا توسقۇسى «لاَ»نى كەلتۈرىمىز ۋە سۆز ئاخىرىدىكى كېسەل ھەرپنى قىسقارتىمىز. نەتىجىدە لاَتَحِ ھاسىل بولىدۇ.)

مَوْحًا، (ۋەھيي قىلىش ۋاقتى ياكى ئورنى)

( إِسْمُ زمان ۋە إِسْمُ مكان دۇر. ئۆزگىرىش ئەھۋالى مَرْمًى گە ئوخشاش.)

مِيْحَاءٌ (ۋەھيي قىلىشتا ئىشلىتىلىدىغان قورال ـ سايمان)

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



(إِسْمُ أَلَةٍ بولۇپ، ئەسلى شەكلى مِوْحَايٌ دۇر. ۋاۋ ساكىن، ئالدى زىر. بۇنىڭدىكى ساكىنلىق ۋاۋنى ياءغا ئالماشتۇرساق، سۆز مِيْحَايٌ بولىدۇ. ئارتۇق ئەلىفتىن كېيىن كەلگەن ياء نى ھەمزىگە ئالماشتۇرىمىز. نەتىجىدە مِيْحَاءٌ شەكىللىنىدۇ.)

اَوْحٰى (ۋەھىينى كۆپرەك يەتكۈزگۈچى، بەك ۋەھىيكار)

(بۇ وسِمُ تَفْضِيْلٍ بولۇپ، ئەسلى شەكلى اَوْحَيُ دۇر. بۇنىڭدىكى ھەرىكەتلىك ياء نىڭ ئالدى ھەرىپى زەۋەرلىكتۇر. شۇڭا، ياء نى ئەلىفكە ئالماشتۇرىمىز. ئاخىرىدا إِسْمُ تَفْضِيْلٍ اَوْحٰى شەكىللىنىدۇ.)

2) فَعَلَ يَفْعُلُ (ثَانِيْهَافَعَلَ يَفْعُلُ)

بۇ بابتا مَصْدَرٌ لەر ئون بەش ۋەزىندە كېلىدۇ. فَعْلٌ — نَصْرٌ (ياردەم بەرمەك)، فَعَلٌ — طَلَبٌ (ئىزدىمەك)، فَعَالٌ — نَبَات (ئۈنمەك)، فِعَالَةٌ — حِرَاسَةٌ (قوغدىماق)، فُعْلٌ — شُكْرٌ (شۈكرى قىلماق)، فَعِلٌ — خَنِقٌ (خاپا قىلماق، بوغۇلماق)، فِعَالَ — كِتَابٌ (يازماق)، فُعَالٌ — صُرَاخٌ (ئاۋارە قىلماق)، فِعْلٌ — فِسْقٌ (بۇزۇقچىلىق قىلماق)، فِعْلٰى — ذِكْرٰى (ئەسلىمەك)، فِعْلَانٌ — كِتْمَانٌ (يوشۇرماق)، فُعْلٰى — بُشْرٰى (خۇشخەۋەر)، فُعُوْلٌ — خُرُوْجٌ (چىقماق)، فِعْلَةٌ — نِشْدَةٌ (ئىزدىمەك)، فُعْلَةٌ — دُعْوَةٌ (چاقىرماق).

بۇ بابتىكى بىر قانچە مۇھىم قائىدىلەر: (1) ۋاۋدىن يۆتكەلگەن ئەلىف ھالىتىدە، ياء دىن يۆتكەلگەن ئەلىف ياء ھالىتىدە يېزىلىدۇ. (2) ۋاۋ ئاخىرىدا بولۇپ، ئالدى پىچ بولمىسا، ئۇنى ياء قا يۆتكەش كېرەك. (3) ۋاۋ تۆتىنچى ياكى بەشىنچى ھەرپ بولغاندا، ئالدى پىچ بولمىسا، ئۇنى ياء قا يۆتكەش كېرەك.

بۇ پىچلىك ئەين (عُ) بابى دەپمۇ ئاتىلىدۇ. تۆۋەندە بۇ بابقا تەۋە بولغان ھەرقايسى پېئىل قۇرۇلمىلىرىنىڭ ئۆزگىرىش ۋە تۈرلىنىش ئەھۋالىنى تەپسىلىي كۆرسىتىمىز.

بۇ بابنىڭ نَصَرَ يَنْصُرُ نَصْـرًا شەكلىدىكى صَـحِيْحُ (ساغلام ھەرپلىك ئۈچ ھەرپلىك پېئىللار) نىڭ تۈرلىنىش ئەھۋالى تۆۋەندىكىچە:

نَصَرَ (ياردەم بەردى)

يَنْصُرُ (ياردەم بېرىدۇ)

نَصْرًا (ياردەم بەرمەك، ياردەم)

نَاصِرٌ (ياردەم بەرگۈچى)

مَنْصُوْرٌ (ياردەم بېرىلگۈچى)

لَمْ يَنْصُرْ (ياردەم بەرمىدى)

لاَيَنْصُرُ (ياردەم بەرمەيدۇ)

اُنْصُرْ (ياردەملەش، ياردەم بەر!)

(بۇ لامىسىز بۇيرۇق بولۇپ، بۇنى كەلگۈسى زامان شەكلى تَنْصُرُ دىن ئايرىيمىز. ئالدى بىلەن سۆزنىڭ ئاخىرىدىكى ساغلام ھەرپنى ساكىنلىق قىلىمىز، نەتىجىدە تَنْصُـرْ بولىدۇ. ئاندىن كەلگۈسى زامان ھەرپى تاء نى تاشلايمىز. بۇ چاغدا سۆز بولمىغاچقا ۋە بۇ سۆز نْصُـرْ ھالىتىگە كېلىدۇ. سۆزنى ساكىن بىلەن ئوقۇش مۇمكىن بولمىغاچقا ۋە بۇ سۆز يَفْعُلُ (عُ) بابىدىن بولغاچقا، ئالدىغا پىچلىك ئەلىفنى كەلتۈرسەك، اُنْصُـــرْ شەكلىدىكى لامىسىز بۇيرۇق پېئىلى ياسىلىدۇ.)

لِيَنْصُرْ (ياردەم بەرسۇن)

لاَتَنْصُرْ (ياردەم بەرمە)

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com



مَنْصَرٌ (ياردەم قىلىش ۋاقتى ياكى ئورنى)

مِنْصَارٌ (ياردەم بېرىشتە ئىشلىتىلىدىغان قورال — سايمان)

أَنْصَرُ (ياردەمنى كۆپرەك ياكى ئەڭ كۆپ بەرگۈچى)

بۇ بابنىڭ رَدَّ يَـرُدُّ شەكلىدىكى مُضَاعَفٌ ثُلاَثِيٌّ (تەكرار ھەرپلىك ئۈچلۈك) پېئىللىرىنىڭ تۈرلىنىش ئەھۋالى تۆۋەندىكىچە:

رَدَّ (توستى، رەت قىلدى)

(بۇ ئۆتكەن زامان پېئىل شەكلى بولۇپ، ئەسلى شەكلى رَدَدَ دۇر. بۇنىڭ ئۆزگىرىش قانۇنىيىتىنى بىلىش ئۈچۈن فَـرَّ شەكلىدىكى پېئىللارنىڭ ئۆزگىرىش قانۇنىيىتىگە قاراڭ.)

يَرُدُّ (توسىدۇ، رەت قىلىدۇ)

(بۇ كەلگۈسى زامان پېئىل شەكلى بولۇپ، ئەسلى شەكلى يَـرْدُدُ. بۇنىڭدا ئوخشاش بىر جىنستىن بولغان ئىككى ھەرپ ھەرىكەتلىك ۋە ئۇنىڭ ئالدىدىكى ھەرپ ساكىنلىقتۇر، بۇنداق ئەھۋالدا ئاۋۋالقى ئوخشاش ھەرپنىڭ ھەرىكىتىنى ساكىنلىق ھەرپكە بەرسەك يَـرُدْدُ كېلىپ چىقىدۇ. بۇ يەردە بىرىكتۈرۈش شەرتى ھازىرلانغان بولغاچقا، تەشدىدلىك ھالەتتە دالنى دالغا بىرىكتۈرىمىز. نەتىجىدە يَرُدُّ ھاسىل بولىدۇ.)

رَدًّا (قايتۇرماق، رەت قىلماق)

رَادٌّ (قايتۇرغۇچى، رەت قىلغۇچى)

( بۇ إِسْمُ فاعل دۇر. ئەسلى شەكلى رَادِدٌ بولۇپ، ئۆزگىرىش قائىدىسى فَارٌّ نىڭكىگە ئوخشاشتۇر)

مَرْدُوْدٌ (رەت قىلىنغان، توسۇلغان)

لَمْ يَرُدَّ (رەت قىلمىدى، توسمىدى)

(بۇ ئۆتكەن زامان ئىنكار پېئىلى بولۇپ، ئەسلى شەكلى يَرُدُّ دۇر. بۇنىڭدا ئالدى بىلەن ساكىن قىلغۇچى «لَمْ»نى سۆزنىڭ ئالدىغا قوشىمىز. ئاندىن سۆز ئاخىرىدىكى ھەرپ بىرىككەن ھەرپ بولغانلىقى ۋە بۇ سۆزنىڭ يَفْعُلُ بابىدىكى سۆز بولغانلىقى تۈپەيلىدىن، ئۇنىڭ ئاخىرىغا تۆت اِعْرَابْ[①] راۋا بولىدۇ. بىرىكمىنى يەشكەندىن كېيىن ئاخىرقى ھەرپكە زەۋەرنى بېرىمىز. لَمْ يَرُدَّ بولىدۇ. پىچنى بەرسەك لَم يَرُدُّ بولىدۇ. بىرىكمىنى يەشسەك لَمْ يَرْدُدْ ھاسىل بولىدۇ.)

**لاَيَرُدُّ** (رەت قىلمايدۇ، تۇسمايدۇ)

( بۇ كەلگۈسى زامان ئىنكار پېئىلى بولۇپ، ئۆزگىرىش قائىدىسى كەلگۈسى زامان پېئىلى بىلەن ئوخشاش.)

**رُدَّ** (رەت قىل، توس)

(بۇ لامسىز بۇيرۇق شەكلى بولۇپ، بۇنى كەلگۈسى زامان پېئىلى تَرُدُّ دىن ئايرىيمىز. ئالدى بىلەن سۆز ئاخىرىدىكى ھەرپكە قارايمىز. تەشدىدلىك، سۆز يَفْعُلُ بابىدىن بولغاچقا، زەۋەر، زىر، پىچ ۋە ساكىنلارنى قويۇش توغرا بولىدۇ. تەشدىدلىك بىرىكمىنى يەشكەندىن كېيىن، زەۋەر ئارقىلىق سۆزنى تَرُدَّ ھالىتىگە كەلتۈرىمىز. ئاندىن كەلگۈسى زامان ھەرپى تاءنى تاشلىۋېتىمىز. شۇنىڭ بىلەن لاملىق بۇيرۇق شەكلى رُدَّ تامام بولىدۇ.)

**لِيَرُدَّ** (رەت قىلسۇن، توسسۇن)

(بۇ لاملىق بۇيرۇق شەكلى بولۇپ، بۇنى يَرُدُّ دىن ئايرىپ

---

① تۆت ئىئراب: پىچ، زەۋەر، زىر، ساكىن قاتارلىقلار.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



چىقىرىمىز. بۇنىڭ ئايرىلىش ئەھۋالى ئۆتكەن زامان ئىنكار پېئىلىغا ئوخشاشتۇر.)

لاَتَرُدَّ (رەت قىلما، توسما)

مَرَدٌّ (رەت قىلىش ئورنى ۋە ۋاقتى)

(بۇ ۋسمُ زمان ۋە ۋسمُ مكان بولۇپ، ئەسلى شەكلى مَـرْدَدٌ دۇر. بۇنىڭ ئۆزگىرىش ئەھۋالى مَفرٌّ گە ئوخشاش.)

مِرْ دَادٌ (رەت قىلىش سايمىنى)

اَرَدُّ (رەت قىلغاقراق)

(بۇ إسْمُ تَفضيل بولۇپ، ئەسلى شەكلى اَرْدَدُ دۇر. بۇنىڭدا ئىككى ھەرىكەتلىك ھەرپ بىرگە كەلگەچكە ۋە ئۇلارنىڭ ئالدىدىكى ھەرپ ساكىنلىق بولغاچقا، ئاۋۋالقى ھەرپنىڭ ھەرىكىتىنى ساكىنلىق ھەرپكە يۆتكەيمىز. نەتىجىدە اَرْدُدُ قالىدۇ. بۇ يەردە تەشدىد ئارقىلىق بىرىكتۈرۈشنىڭ شەرتى ھازىرلانغاچقا، شۇ بويىچە بىر خىل ھەرپلەرنى بىرىكتۈرۈۋەتسەك، إسْمُ تفضيل شەكلى اَرَدُّ پەيدا بولىدۇ.)

بۇ بابنىڭ وَدَّ يَوُدُّ شەكلىدىكى مثال مضاعف الواو

(بىرىنچى ھەرپى كېسەل ھەرپ بولغان پېئىل، شۇنداقلا تەكرارلانغان ھەرپ بولغان پېئىللار) نىڭ تۈرلىنىش ۋە ئۆزگىرىش ئەھۋالى تۆۋەندىكىچە:

وَدَّ (سۆيدى، ياخشى كۆردى، دوستلاشتى)

(بۇ ئۆتكەن زامان پېئىلى بولۇپ، ئەسلى شەكلى وَدَدَ دۇر)

يَوُدُّ (سۆيىدۇ، دوست تۇتىدۇ)

(بۇ كەلگۈسى زامان پېئىلى بولۇپ، ئەسلى شەكلى يَوْدُدُ دۇر. ئۆزگىرىش ئەھۋالى يَرُدُّ گە ئوخشاشتۇر.)

وُدًّا (سۆيمەك، دوستلاشماق)

وَادٌّ (سۆيگۈچى، دوست تۇتقۇچى)

(بۇ إسْمُ فاعِل نىڭ ئۆزگىرىش ئەھۋالى فارٌّ گە ئوخشاشتۇر.)

مَوْدُوْدٌ (سۆيۈلگۈچى، دوست تۇتۇلغۇچى)

لَمْ يَوُدَّ (سۆيمىدى، دوست تۇتمىدى)

(بۇنىڭ ئۆزگىرىش ئەھۋالى لَمْ يَرُدَّ گە ئوخشاشتۇر.)

لاَيَوُدُّ (سۆيمەيدۇ، دوست تۇتمايدۇ)

وُدَّ (دوست تۇت، سۆي)

(بۇ رُدَّ گە ئوخشاشتۇر.)

لِيَوُدَّ (دوست تۇتسۇن، سۆيسۇن)

لاَتَوُدَّ(دوست تۇتما، سۆيمە)

(بۇنىڭ ئۆزگىرىش ئەھۋالى لاَيَرُدَّ گە ئوخشاشتۇر.)

مَوَدٌّ (سۆيۈش ئورنى، دوستلىشىش ئورنى ياكى ۋاقتى)

(بۇنىڭ ئەسلىسى مَوْدَدٌ بولۇپ، ئۆزگىرىش ئەھۋالى مَفِرٌّ گە ئوخشاشتۇر.)

مِيْدَادٌ (دوستلىشىشتا ئىشلىتىلىدىغان قورال ـ سايمان)

(بۇ إسْمُ آلة بولۇپ، ئەسلى شەكلى مِـوْدَادٌ دۇر. بۇ سۆزدىكى ۋاۋ ساكىنلىق ۋە ئالدىدىكى ھەرپ زىرلىك بولغاچقا، ئۇنى ياء غا ئۆزگەرتىمىز، شۇندىلا مِيْدَادٌ بولىدۇ.)

اَوَدُّ (بەك سۆيىدىغان، بەك دوستلاشقاق)

(بۇ إسْمُ تَفْضِيْل بولۇپ، ئەسلى شەكلى اَوْدَدُ دۇر. ئۆزگىرىش ئەھۋالى اَرَدُّ نىڭ ئۆزگىرىش ئەھۋالى بىلەن ئوخشاش.)

بۇ بابنىڭ دَامَ يَدُوْمُ شەكلىدىكى اجوف الياء (ئوتتۇرىسىدىكى ھەرپ كىسەل ھەرپ ياء بولغان ئۈچ ھەرپلىك پېئىللار) نىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com



ئۆزگىرىش، تۈرلىنىش ئەھۋالى تۆۋەندىكىچە:

دَامَ (داۋاملاشتى)

(بۇ ئۆتكەن زامان پېئىلى بولۇپ، ئەسلى شەكلى دَوَمَ دۇر. بۇنىڭدا ۋاۋ ھەرىكەتلىك. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئالدىدىكى ھەرپ زەۋەرلىك بولغاچقا، ۋاۋنى ئەلىفكە ئالماشتۇرىمىز، شۇنىڭدىن دَامَ بولىدۇ.)

دِيْمَ (داۋام قىلدۇرۇلدى)

(بۇ ئۆتكەن زامان پېئىلىنىڭ مەجھۇل شەكلى بولۇپ، ئەسلى ھالىتى دُوِمَ دۇر. بۇنىڭدا زىر ۋاۋ ئۈچۈن ئېيتقاندا ئېغىر ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا ئۇنىڭ زىر بەلگىسىنى ئالدىغا يۆتكىسەك دِوْمَ بولىدۇ. بۇنىڭدا ساكىنلىق ۋاۋنىڭ ئالدىدىكى ھەرپ زىرلىك بولغاچقا ھەمدە زىرگە ياء مۇناسىپ كېلىدىغان بولغاچقا، بۇ يەردىكى ۋاۋنى ياء غا ئالماشتۇرساق دِيْمَ قالىدۇ.)

يَدُوْمُ (داۋام قىلىدۇ)

(بۇ كەلگۈسى زامان پېئىلى بولۇپ، ئەسلى شەكلى يَدْوُمُ دۇر. بۇنىڭدا ئالدىدىكى ساغلام ھەرپ ساكىنلىق بولغان ئەھۋالدا ۋاۋ ئۈچۈن پېچ ئېغىر ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا، ۋاۋنىڭ ھەرىكىتىنى ئالدىدىكى ھەرپكە بەرسەك يَدُوْمُ ھالىتىگە كېلىدۇ.)

دَوَامًا (داۋام قىلماق، داۋاملاشتۇرماق)

دَائِمٌ (داۋام قىلغۇچى، دائىم بولغۇچى)

(بۇ إِسْمُ فاعِل بولۇپ، ئەسلى شەكلى دَاوِمٌ دۇر. بۇنىڭدا ۋاۋ ئارتۇق ئەلىفتىن كېيىن كەلگەچكە ئۇنى قائىدە بويىچە ھەمزىگە ئالماشتۇرىمىز. نەتىجىدە دَائِمٌ بولىدۇ.)

مَدُوْمٌ (داۋام قىلدۇرۇلغۇچى، داۋام قىلىنغۇچى)

(بۇ إِسْمُ مفعول بولۇپ، ئەسلى ھالىتى مَدْوُوْمٌ دۇر. بۇنىڭدا

پىچ ۋاۋ ئۇچۇن ئىبغىر بولغاچقا، ھەرىكەتنى ئالدىدىكى ساكىنلىق ھەرپكە يۆتكىسەك مَدُوْوٌمٌ بولىدۇ. بۇ يەردە ئىككى ساكىن بىر يەردە كېلىپ قالغاچقا، بىر ۋاۋنى قىسقارتىۋېتىمىز. نەتىجىدە مَدُوْمٌ بارلىققا كېلىدۇ.)

لَمْ يَدُمْ (داۋاملاشتۇرمىدى، داۋام قىلمىدى)

(بۇ ئۆتكەن زامان ئىنكار پېئىلى بولۇپ، بۇنى كەلگۈسى زامان پېئىلى يَدُوْمُ دىن ئايرىيمىز. ئالدى بىلەن سۆزنىڭ «لَمْ»نى قوشىمىز. ئاندىن سۆز ئاخىرىدىكى ساغلام ھەرپنى ساكىنلىق قىلىمىز. شۇنىڭ بىلەن لَمْ يَدُوْمْ بولىدۇ. ئىككى ساكىن بىرگە كەلگەچكە، بۇ يەردىكى ۋاۋنى قىسقارتىۋېتىمىز، ئاخىرىدا لَمْ يَدُمْ قالىدۇ.)

لاَيَدُوْمُ (داۋاملاشتۇرمايدۇ، داۋام قىلمايدۇ)

دُمْ (داۋاملاشتۇر، داۋام قىل)

(بۇ لامىسىز بۇيرۇق بولۇپ، بۇنى تَدُوْمُ دىن ئايرىپ چىقىرىمىز. ئالدى بىلەن سۆزنىڭ ئاخىرى ساغلام ھەرپ بولغاچقا ئۇنى ساكىنلىق قىلىمىز. نەتىجىدە تَدُوْمْ بولىدۇ. بۇ يەردە ئىككى ساكىن بىرگە كېلىپ قالغاچقا، مىم بىلەن ۋاۋ ئارىسىدا ۋاۋنى تاشلىۋېتىمىز، ئاندىن قائىدە بويىچە كەلگۈسى زامان پېئىلى تاء نى تاشلىۋەتسەك دُمْ قالىدۇ. شۇنىڭ بىلەن لامىسىز بۇيرۇق پۈتىدۇ.)

لِيَدُمْ (داۋاملاشتۇرسۇن، داۋام قىلسۇن)

(ئەھۋالى لامىسىز بۇيرۇققا ئوخشاش)

لاَتَدُمْ (داۋاملاشتۇرما، داۋام قىلما)

(بۇ كەلگۈسى زامان ئىنكار بۇيرۇق پېئىل شەكلى بولۇپ، ئەسلىسى تَدُوْمُ دۇر. قالغان ئۆزگىرىش ئەھۋالى ئۆتكەن زامان

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com



ئىنكار پېئىلىغا ئوخشايدۇ.)

مَدَامٌ (داۋاملاشتۇرىدىغان ۋاقىت ياكى ئورۇن)

(بۇ إِسْمُ مكان ۋە إِسْمُ زمان بولۇپ، ئەسلى ھالىتى مَدْوَمٌ دۇر. بۇنىڭدا ۋاۋ ھەرىكەتلىك، ئالدىدىكى ساغلام ھەرپ بولسا ساكىنلىقتۇر. بۇنداق ئەھۋالدا ۋاۋنىڭ ھەرىكىتىنى ئالدىدىكى ھەرپكە ئۆتكۈزىمىز. شۇندىلا مَدَوْمٌ بولىدۇ. يۆتكەلگەن ھەرىكەت ئېتىبارى بىلەن ۋاۋنى ئەلىفكە ئالماشتۇرىمىز. نەتىجىدە مَدَامٌ بارلىققا كېلىدۇ.)

مِيْدَامٌ (داۋاملاشتۇرۇش ئەسۋابى ياكى سايمىنى)

(بۇ إِسْمُ ألَة بولۇپ، ئەسلى شەكلى مِـوْدَامٌ دۇر. بۇنىڭدا ۋاۋ ساكىنلىق بولۇپ، ئالدى ھەرپى زىرلىك بولغاچقا، ۋاۋنى ياءغا ئالماشتۇرىمىز. نەتىجىدە مِيْدَامٌ پەيدا بولىدۇ.)

اَدَامُ (كۆپرەك داۋام قىلىدىغان، بەك داۋاملاشتۇرىدىغان)

( بۇ وسمُ تَفْضِيْل بولۇپ، ئەسلى شەكلى اَدْوَمُ دۇر.

بۇنىڭدا ۋاۋ ھەرىكەتلىك، ئالدىدىكى ھەرپ ساكىنلىق بولسا، بۇنداق ئەھۋالدا ۋاۋنىڭ ھەرىكىتىنى ئالدىغا ئۆتكۈزىمىز. نەتىجىدە اَدَوْمُ قالىدۇ. زەۋەرنى ئەلىف بىلەن ماسلاشتۇرىدىغان بولغاچقا، ۋاۋنى ئەلىفكە ئالماشتۇرىمىز. نەتىجىدە اَدَامُ ھاسىل بولىدۇ.)

بۇ بابنىڭ دَعَا يَدْعُوْ (حَيِيَ يَحْيِيْ مُودَعَا يَـدْعُوْ غا ئوخشاش) شەكلىدىكى نَاقِص الـوَاو (ئاخىرقى ھەرپى كېيسەل ھەرپ ۋاۋ بولغان ئەسلى ئۈچ ھەرپلىك پېئىللار)نىڭ ئۆزگىرىش — تۈرلىنىش ئەھۋالى تۆۋەندىكىچە:

دَعَا (چاقىردى، دەۋەت قىلدى)

(بۇ ئۆتكەن زامان پېئىل شەكلى بولۇپ، ئەسلى شەكلى دَعَوَ

دۇر. بۇنىڭدا ۋاۋ بولسا ھەرىكەتلىك، ئالدىدىكى ھەرپ زەۋەرلىك بولغاچقا، ۋاۋنى ئەلىفكە ئالماشتۇرساق **دَعَا** بولىدۇ.)

**يَدْعُوْ** (چاقىرىدۇ)

(بۇنىڭ ئەسلى شەكلى **يَدْعُوُ** بولۇپ، بۇ يەردىكى پىچ ۋاۋغا نىسبەتەن ئېغىر ھېسابلىنىدۇ، شۇڭا بۇ ھەرىكەتنى تاشلىۋەتسەك **يَدْعُوْ** بولىدۇ.)

**دَعْوَةً** (چاقىرىق، دەۋەت)

**دَاعٍ** (چاقىرغۇچى، دەۋەتچى)

( بۇ **إِسْمُ فاعِلٍ** بولۇپ، ئەسلى شەكلى **دَاعِوٌ** دۇر. بۇنىڭدا پىچ ۋاۋغا نىسبەتەن ئېغىر بولغاچقا، ۋاۋنى ياَء غا ئۆزگەرتىمىز، نەتىجىدە **دَاعِيٌ** قالىدۇ. يەنىلا پىچ ياء ئۈچۈن ئېغىر بولغاچقا، بۇ پىچنى تاشلىساق، تەنۋىن يېشىلىپ **دَاعِيْنْ** قالىدۇ. ئىككى ساكىننى بىرگە ئوقۇش مۇمكىن بولمىغاچقا، بۇنى يەنە ئۇنلاشتۇرۇپ قوشۇۋەتسەك **دْاعٍ** بولۇپ پۈتىدۇ.)

**مَدْعُوٌّ** (چاقىرىلغۇچى)

(بۇ **إِسْمُ مفعولٍ** بولۇپ، ئەسلى شەكلى **مَدْعُوْوٌ** دۇر. بۇ يەردە تەشدىد ئاَرقىلىق ئوخشاش ئىككى ھەرپنى قوشۇۋېتىش شەرتى ھازىرلانغاچقا، بىرىكتۈرۈۋەتسەك **مَدْعُوٌّ** بولىدۇ.)

**لَمْ يَدْعُ** (چاقىرمىدى)

(بۇ ئۆتكەن زامان ئىنكار پېئىلى بولۇپ، ئەسلى **يَدْعُوْ** دۇر. ساكىن قىلغۇچى «لَمْ» سەۋەبىدىن سۆز ئاخىرىدىكى ئەسلىدىلا ساكىنلىق بولغان ھەرپ ۋاۋنى تاشلىۋەتسەك، **لَمْ يَدْعُ** قالىدۇ.)

**لاَيَدْعُوْ** (چاقىرمايدۇ)

**اُدْعُ** (چاقىر، دەۋەت قىل)

(بۇ لامىسىز بۇيرۇق شەكلى بولۇپ، بۇنى **تَدْعُوُ** دىن ئايرىپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



چىقىرىمىز. ئالدى بىلەن سۆز ئاخىرىدىكى كىسەل ھەرپىنى تاشلايمىز، تَدْعُ بولىدۇ. ئاندىن كەلگۈسى زامان ھەرپى تاء نى تاشلىۋەتسەك دْعُ قالىدۇ. سۆزنى ساكىن بىلەن باشلاپ ئوقۇش تەس بولغاچقا ۋە بۇ سۆز يَفْعُلُ بابىدىن بولغاچقا، سۆز ئالدىغا يىپچىلىك ئەلىفنى كەلتۈرسەك، لامسىز بۇيرۇق اُدْعُ پۈتىدۇ.)

لِيَدْعُ (چاقىرسۇن)

لَاتَدْعُ (چاقىرما، دەۋەت قىلما)

مَدْعًى (چاقىرىش، دەۋەت قىلىش ۋاقتى ياكى ئورنى)

(ئەسلى مَدْعَوٌ بولۇپ، سۆز ئاخىرىدىكى ۋاۋنى ياء غا ئالماشتۇرساق مَدْعَيٌ بولىدۇ. ياء نىڭ ئۆزى ھەرىكەتلىك، ئالدىدىكى ھەرپ زەۋەرلىك بولغاچقا، ياء نى ئەلىفكە ئالماشتۇرساق مَدْعَانْ بولىدۇ، بۇنىڭدا ئىككى ساكىن بىر يەردە كەلگەچكە، ئەلىف بىلەن تەنۋىن ئارىسىدىكى ئەلىفنى يوق قىلساق ۋە نۇنلاشتۇرساق، مَدْعًى ھالىتىگە كېلىدۇ.)

مِدْعًى (چاقىرىش سايمىنى، كاناي)

(بۇنى ئوخشاش ئۇسۇل بويىچە قىياس قىلىشقا بولىدۇ.)

اَدْعَى (بەك دەۋەتچى، چاقىرغاقراق)

(بۇ إِسْمُ تَفْضِيلٍ شەكلى بولۇپ، ئەسلى اَدْعَوُ دۇر. بۇنىڭدا ۋاۋ بولسا ھەرىكەتلىك، ئالدىدىكى ھەرپ زەۋەرلىك بولغاچقا ۋاۋنى ئەلىفكە ئالماشتۇرساق اَدْعَى بولىدۇ.)

### 3) فَعَلَ يَفْعَلُ بابى (ئالتِّھافَعَلَ يَفْعَلُ)

بۇ بابتا مَصْدَرٌ لەر ئون خىل ۋەزىندە كېلىدۇ. فَعْلٌ — مَنْعٌ (توسماق)، فُعُوْلٌ — سُنُوْحٌ (ئاشكارا بولماق)، فَعَالَةٌ — مَهَارَةٌ (زىرەك بولماق)، فُعَالَةٌ — دُعَابَةٌ (چاقچاق قىلماق)، فِعَالَةٌ — رِعَايَةٌ

(ساقلىماق)، فِعْلٌ — سِحْرٌ (سېھىر قىلماق)، فَعَالٌ — ذَهَابٌ (كەتمەك)، فُعَالٌ — سُؤَالٌ (سورىماق)، فُعْلاَنٌ — طُغْيَانٌ (ئازماق)، فُعْلَةٌ — رُؤْيَةٌ (كۆرمەك).

مۇھىم قائىدە: بۇ بابنىڭ مُضَارِعْ شەكلىنىڭ «ع» ئۇدۇلىدىكى زەۋەر ئەسلى زىردىن يۆتكەلگەن بولۇپ، ئەسلى يَمْنِعُ ئىدى. فِعْلِ مُضَارِنىڭ «ع» ياكى «ل»ى ئۇدۇلىدا بوغۇز ھەرپلىرىدىن (ء، ه، ح، غ، خ) بىرەر ھەرپ كەلسە، ئۇنى ئىشلەتكەندە بوغۇز ھەرپلىرىنىڭ ئالدىدا ياكى كەينىدە زىر كېلىپ قالسا، (يَمْنِعُ، يَنْصِحُ دەك) بۇ چاغدا تەلەپپۇزدا قىيىنچىلىق يۈز بېرىدۇ. ئاۋارىچىلىقتىن ساقلىنىش ئۈچۈن ئالىملار زىر ئورنىغا زەۋەرنى تاللىغان (يَمْنَعُ، يَنْصَحُ دەك).

بۇ زەۋەرلىك ئەين «عَ» بابى دەپمۇ ئاتىلىدۇ. تۆۋەندە بۇ بابقا تەۋە بولغان پېئىل قۇرۇلمىلىرىنىڭ ئۆزگىرىش ۋە تۈرلىنىش ئەھۋالىنى تەپسىلىي كۆرسىتىمىز.

بۇ بابنىڭ مَنَعَ يَمْنَعُ شەكلىدىكى صَحِيْحُ (ساغلام ھەرپلىك ئۈچ ھەرپلىك پېئىللار) نىڭ تۈرلىنىش ئەھۋالى تۆۋەندىكىچە:

مَنَعَ (توستى، چەكلىدى)

يَمْنَعُ (چەكلەيدۇ)

مَنْعًا (چەكلىمەك)

مَانِعٌ (چەكلىگۈچى، توسقۇچى)

مَمْنُوْعٌ (چەكلەنگۈچى، توسۇلغان)

لَمْ يَمْنَعُ (چەكلىمىدى)

لاَيَمْنَعُ (چەكلىمەيدۇ)

اِمْنَعْ (چەكلە، توس)

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



(بۇ لامسىز بۇيرۇق شەكلى بولۇپ، بۇنى تَمْنَعُ دىن ئايرىيمىز.
ئالدى بىلەن سۆز ئاخىرىدىكى ساغلام ھەرپىنى ساكىنلىق
قىلىمىز، ئاندىن كەلگۈسى زامان ھەرپى تاء نى تاشلىۋېتىمىز،
مْنَــعْ قالىدۇ. سۆزنى ساكىن بىلەن باشلاپ ئوقۇش مۇمكىن
بولمىغاچقا، زىرلىك ئەلىفنى كەلتۈرسەك (اِمْنَعْ پۈتىدۇ.)

لِيَمْنَعْ (چەكلىسۇن)

لَاتَمْنَعْ (چەكلىمە)

مَمْنَعٌ (چەكلەش ئورنى ياكى ۋاقتى)

مِمْنَاعٌ (چەكلەش قورالى)

اَمْنَعُ (بەك چەكلەيدىغان، ئىنتايىن چەكلەيدىغان)

بۇ بابنىڭ وَضَعَ يَضَعُ شەكلىدىكى مِثَالُ الْوَاوِ (باش ھەرپى
كېسەل ۋاۋ بولغان ئۈچ ھەرپلىك پېئىللار) نىڭ كونكرېت
تۈرلىنىش ۋە ئۆزگىرىش ئەھۋالى تۆۋەندىكىچە:

وَضَعَ (قويدى)

يَضَعُ (قويىدۇ)

(بۇ كەلگۈسى زامان پېئىل شەكلى بولۇپ، بۇنىڭ ئەسلى
شەكلى يَوْضَــعُ دۇر. بۇنىڭدا كەلگۈسى زامان ھەرپى بىلەن
ھەقىقىي زىر ئوتتۇرىسىدا كەلگەن ۋاۋنى قىسقارتىۋېتىمىز.
نەتىجىدە يَضَعُ قالىدۇ.)

وَضْعًا (قويماق)

وَاضِعٌ (قويغۇچى)

مَوْضُوْعٌ (قويۇلغۇچى)

لَمْ يَضَعْ (قويمىدى)

(بۇ ئۆتكەن زامان ئىنكار پېئىلى بولۇپ، بۇنى يَوْضَــعُ دىن
ئايرىيمىز. بۇنىڭدا ئالدى بىلەن كەلگۈسى زامان ھەرپى بىلەن

ھەقىقىي زىر ئوتتۇرىسىدىكى ۋاۋنى يوق قىلىمىز، يَضَعُ قالىدۇ. ئىككىنچى قەدەمدە سۆزنىڭ ئالدىغا ساكىن قىلغۇچى «لَمْ»نى كەلتۇرسەك، لَمْ يَضَعُ بولىدۇ. بۇ سەۋەبتىن سۆز ئاخىرىدىكى ساغلام ھەرپنى ساكىنلىق قىلساق لَمْ يَضَعْ بولىدۇ.)

لاَيَضَعُ (قويمايدۇ)

ضَعْ (قوي)

(بۇ لامسىز بۇيرۇق بولۇپ، تَضَعُ ئاساسىدا قىياس قىلىش لازىم.)

لِيَضَعْ (قويسۇن)

لاَتَضَعْ (قويما)

مَوْضَعٌ (قويۇش ئورنى ياكى ۋاقتى)

مِيْضَاعٌ (قويۇشتا ئىشلىتىلىدىغان قورال — سايمان)

(بۇ إِسْمُ أَلَةِ بولۇپ، ئەسلى مِوْضَاعٌ دۇر. بۇنىڭدىكى ساكىنلىق ۋاۋنىڭ ئالدىدىكى ھەرپ زىرلىك بولغاچقا، ئۇنى ياغا ئالماشتۇرساق مِيْضَاعٌ بولىدۇ.)

اَوْضَعُ (دائىم قويىدىغان، بەكرەك قويغۇچى)

بۇ بابنىڭ رَعْى يَرْعٰى شەكلىدىكى نَاقِصُ يَاء (ئاخىرى ياء بىلەن ئاخىرلاشقان ئۈچ ھەرپلىك پېئىللار) نىڭ كونكرېت تۇرلىنىش ۋە ئۆزگىرىش ئەھۋالى تۆۋەندىكىچە:

رَعٰى (كۆزەتتى)

(بۇ ئۆتكەن زامان پېئىلى بولۇپ، ئەسلى شەكلى رَعَىَ دۇر. بۇنىڭدا ياء ھەرىكەتلىك، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئالدىدىكى ھەرپ زەۋەرلىك بولغاچقا، ياءنى ئەلىفكە ئۆزگەرتىمىز. شۇنىڭ بىلەن رَعٰى بولىدۇ.)

يَرْعٰي (كۆزىتىدۇ)

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



(بۇ كەلگۈسى زامان پېئىلىنىڭ ئەسلى شەكلى يَرْعَـــيُ دۇر.
بۇنىڭدىمۇ ھەرىكەتلىك ياء نىڭ ئالدىدىكى ھەرپ زەۋەرلىك
بولغاچقا، ئۇنى ئەلىفكە ئالماشتۇرىمىز. نەتىجىدە يِرْعٰي بولىدۇ.)

رَعْيًا (كۆزەتمەك)

رَاعٍ (كۆزەتچى، كۆزەتكۈچى)

(بۇنىڭ ئەسلى شەكلى راعِيٌ بولۇپ، ئۆزگىرىش ئەھۋالى دَاعٍ
غا ئوخشاشتۇر.)

مَرْعِيٌّ (كۆزىتىلگۈچى)

(بۇ إِسْمُ مفعول نىڭ ئەسلى شەكلى مَرْعُوْيٌ بولۇپ، ئۆزگىرىش
قائىدىسى مَرْمِيٌّ غا ئوخشايدۇ.)

لَمْ يَرْعَ (كۆزەتمىدى)

(بۇنىڭ ئەسلى شەكلى يَرْعَـــيُ بولۇپ، ئالدى بىلەن بۇ
پېئىلنىڭ ئالدىغا ساكىن قىلغۇچى «لَمْ»نى كەلتۈرىمىز. ئاندىن
سۆز ئاخىرىدىكى كېسەل ھەرپنى تاشلايمىز. نەتىجىدە لَمْ يَرْعَ
قالىدۇ.)

لاَيَرْعٰي (كۆزەتمەيدۇ)

ارْعَ (كۆزەتكىن)

(بۇ لامىسىز بۇيرۇق شەكلىنىڭ قائىدىسى شۇكى، ئۇنى
كەلگۈسى زامان پېئىلى تَرْعَيُ دىن ئالىمىز. قالغان تەپسىلاتى
يۇقىرىقىلارغا ئوخشايدۇ.)

لِيَرْعَ (كۆزەتسۇن)

لاَتَرْعَ (كۆزەتمە)

مَرْعًى (كۆزىتىش ئورنى ياكى ۋاقتى)

( بۇ إِسْمُ زمان ۋە إِسْمُ مكان بولۇپ، شەكىللىنىش ئەھۋالى
مِرْمًى گە ئوخشايدۇ.)

مرْعًى (كۆزىتىش ئەسۋابى)

اَرْعًى (كۆزەتكەك، ئەڭ كۆزىتىدىغان)

( بۇ إسْمُ اَلَة بولۇپ، ئەسلى شەكلى اَرْعَيُ دۇر. بۇنىڭدا ياء ھەرىكەتلىك، ئالدىدىكى ھەرپى بولسا زەۋەرلىكتۇر. شۇڭا ئۇ ياءنى ئەلىفكە ئالماشتۇرساق اَرْعًى بولىدۇ.)

4) **فَعَلَ يَفْعَلُ بابى** (رَابِعُهَافَعِلَ يَفْعَلُ)

بۇ بابتا **مَصْدَرْ**لەر ئون ۋەزىندە كېلىدۇ. **فَعْلٌ – نَضْجٌ** (پىشماق)، **فَعَلٌ – سِمَنٌ** (سېمىز بولماق)، **فَعَلٌ – تَعَبٌ** (چاپا تارتماق)، **فُعْلٌ – شُرْبٌ** (ئىچمەك)، **فِعْلاَنٌ – نِسْيَانٌ** (ئۇنۇتماق)، **فَعَالٌ – حَيَاءٌ** (ئۇيالماق)، **فَعَالَةٌ – كَرَاهَةٌ** (يامان كۆرمەك)، **فُعْلَةٌ – قُوَّةٌ** (كۈچلۈك بولماق)، **فُعُوْلٌ – صُعُوْدٌ** (ئۆرلىمەك)، **فَعْلَةٌ رَحْمَةٌ** (كۆيۈنمەك)

مۇھىم قائىدە: «ع» ياكى «ل»نىڭ ئۇدۇلىدا بوغۇز ھەرپلىرى كەلسە، بۇ بابنىڭ «**مِثَالٌ مُضَارِعٌ**»دا (**وَسِعَ يَسَعُ**دەك) «ۋاۋ» تاشلىنىدۇ. شۇنى بىلىش لازىمكى، **مُضَارِعُ**دىكى «ۋاۋ»نىڭ تاشلىنىشىدىكى سەۋەب، بوغۇز ھەرپلىرى سەۋەبىدىن زىر زەۋەرگە يۆتكەلگەن. يەنە بەزىدە **مُضَارِعُ** دا «ۋاۋ» ساقلىنىپ قالىدۇ، (**وَجِلَ يَوْجَلُ** دەك)، چۈنكى ئۇنىڭ «ع» ئۇدۇلىدىكى زەۋەر ئەسلىدىلا زەۋەر ئىدى.

(بۇ ھەم زەۋەرلىك ئەين (عَ ) بابى دەپمۇ ئاتىلىدۇ. تۆۋەندە بۇ بابقا تەۋە بولغان پېئىل قۇرۇلمىلىرىنىڭ ئۆزگىرىش ۋە تۈرلىنىش ئەھۋالىنى تەپسىلىي شەرھلەيمىز:

بۇ بابنىڭ **حَمِدَ يَحْمَدُ** شەكلىدىكى **صَحِيْحُ** (ساغلام ھەرپلىك ئۈچ ھەرپلىك پېئىللار) نىڭ تۈرلىنىش ئەھۋالى تۆۋەندىكىچە:

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com



حَمِدَ (ماختىدى)

يَحْمَدُ (ماختايدۇ)

حَمْدًا (ماختىماق)

حَامِدٌ (ماختىغۇچى)

مَحْمُودٌ (ماختالغۇچى)

لَمْ يَحْمَدْ (ماختىمىدى)

لاَ تَحْمَدُ (ماختىمايدۇ)

احْمَدْ (ماختا)

لِيَحْمَدْ (ماختىسۇن)

لاَتَحْمَدْ (ماختىما)

مَحْمَدٌ (ماختاش ئورنى ياكى ۋاقتى)

مِحْمَادٌ (ماختاشتا ئىشلىتىلىدىغان قورال ـ سايمان)

أَحْمَدُ (ماختانچاقراق، بەك ماختايدىغان)

(بۇ بابنىڭ عَضَّ يَعَضُّ شەكلىدىكى مضاعف (تەكرارلانغان ھەرپلىك ئۈچ ھەرپلىك پېئىللار) نىڭ كونكرېت تۈرلىنىش ۋە ئۆزگىرىش ئەھۋالى تۆۋەندىكىچە:

عَضَّ (چىشلىدى)

(بۇنىڭ ئەسلى شەكلى عَضِضَ بولۇپ، قائىدىسى فَرَّ گە ئوخشاش.)

يَعَضُّ (چىشلەيدۇ)

(بۇنىڭ ئەسلى شەكلى يَعْضَضُ دۇر. بۇنىڭدا بىر جىنستىن بولغان ئىككى ھەرپ بىر سۆزدە كەلدى ۋە ھەر ئىككىلىسى ھەرىكەتلىك، ئالدىدىكى ھەرپ بولسا ساكىنلىقتۇر، شۇڭا

ئالدىدىكى تەكرار ھەرپىنىڭ ھەرىكىتىنى ساكىنلىق ھەرپكە بېرىمىز. شۇنىڭ بىلەن يَعَضُّ ھالىتىگە كەلدى. بۇ يەردە تەشدىد ئارقىلىق تەكرار ھەرپلەرنى بىرىكتۈرۈش شەرتى ھازىرلانغاچقا، شۇ قائىدە بويىچە يَعَضُّ ھالىتىنى شەكىللەندۈرىمىز.)

عَاضٌّ (چىشلىگۈچى)

(ئەسلى عَاضِضٌ بولۇپ، ئۆزگىرىش قائىدىسى فَارٌّگە ئوخشاشتۇر.)

مَعْضُوْضٌ (چىشلەنگۈچى)

لَمْ يَعَضَّ (چىشلىمىدى)

(بۇنىڭ ئەسلىسى يَعْضَضُ بولۇپ، ئالدى بىلەن سۆز ئالدىغا ساكىن قىلغۇچى «لَمْ» نى قويىمىز. سۆزنىڭ ئاخىرى بىرىككەن ھەرپلەر بولغاچقا ۋە بۇ سۆز يَفْعُلُ بابىدىن بولمىغاچقا، ئۇنىڭ ئاخىرىغا ئۈچ ئىئراب راۋا بولىدۇ. بىرىكمىنى پارچىلىغاندىن كېيىن زەۋەرنى سۆز ئاخىرىدىكى ھەرپكە قويساق لَمْ يَعَضَّ، زىرنى قويساق لَمْ يَعَضِ بولىدۇ. بىرىكمىنى ئاجرىتىپ ئاخىرقى ھەرپكە ساكىننى قويساق لَمْ يَعْضَضْ بولىدۇ.)

لاَيَعَضُّ (چىشلىمەيدۇ)

(بۇنىڭ ئۆزگىرىشى كەلگۈسى زامان پېئىلى بىلەن ئوخشايدۇ.)

عَضَّ (چىشلە)

(بۇ لامىسىز بۇيرۇق شەكلى بولۇپ، بۇنى تَعَضُّدىن ئايرىپ چىقىرىمىز. ئالدى بىلەن ئېلىپ بارىدىغان ئۆزگەرتىش ئۆتكەن زامان ئىنكار پېئىل شەكلى لَمْ يَعَضَّ بىلەن ئوخشاش. ئىككىنچى قەدەمدە كەلگۈسى زامان پېئىل ھەرپى تاء نى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



تاشلىۋەتسەكلا، بۇيرۇق عَضِّ پۈتىدۇ.)

لِيَعَضَّ (چىشلىسۇن)

لَاتَعَضَّ (چىشلىمە)

(بۇنىڭ ئۆزگىرىشى ئۆتكەن زامان ئىنكار پېئىلىغا ئوخشاش.)

مَعَضٌّ (چىشلەش ئورنى ياكى ۋاقتى)

(بۇنىڭ ئۆزگىرىش، شەكىللىنىش ئەھۋالى مَفَرٌّ گە ئوخشاشتۇر.)

مِعْضَاضٌ (چىشلەشتە ئىشلىتىلىدىغان قورال — سايمان)

أَعَضُّ (بەك چىشلىگەك)

( بۇ إِسْمُ تَفْضِيلٍ بولۇپ، ئەسلى شەكلى أَعْضَضُ دۇر. بۇنىڭدا بىر جىنستىن بولغان ئىككى ھەرپ ھەرىكەتلىك كەلگەچكە ۋە ئالدىدىكى ھەرپ ساكىنلىق بولغاچقا، بىرىنچى تەكرار ھەرپنىڭ ھەرىكىتىنى ساكىنلىق ھەرپكە يۆتكىسەك، أَعَضْضُ بولىدۇ. بۇ يەردە تەشدىد ئارقىلىق ئىككى ئوخشاش ھەرپنى قوشۇۋېتىش مۇمكىنچىلىكى بولغاچقا، ئاخىرىدا أَعَضُّنى ھاسىل قىلىمىز.)

بۇ بابنىڭ وَضِرَ يَوْضَرُ شەكلىدىكى مِثَالُ الْـوَاوِ (ۋاۋ بىلەن باشلانغان ئۈچ ھەرپلىك پېئىللار) نىڭ كونكرېت تۈرلىنىش ئەھۋالى تۆۋەندىكىچە:

وَضِرَ (يىرىڭلىدى)

يَوْضَرُ (يىرىڭلايدۇ)

وَضْرًا (يىرىڭلىماق)

وَاضِرٌ (يىرىڭلىغۇچى، يىرىڭلاپ كەتكۈچى)

مَوْضُورٌ (يىرىڭلىق، يىرىڭلىغاق)

لَمْ يَوْضَرْ (يىرىڭلىمىدى)

لاَ يَوْضَرُ (يىرىڭلىمايدۇ)

ايْضَرْ (يىرىڭلا)

(بۇ لامىسىز ئەمر شەكلى بولۇپ، بۇنى تَوْضَرُ دىن ئايرىپ چىقىرىمىز. ئالدى بىلەن بۇ كەلگۈسى زامان پېئىلىنىڭ ئاخىرقى ھەرپ ساغلام ھەرپ بولغاچقا، ئۇنى ساكىنلىق قىلىمىز. ئۇنىڭدىن كېيىن كەلگۈسى زامان پېئىلى ئىپادىلىگۈچى ھەرپنى ئېلىپ تاشلىساق وْضَرْقالىدۇ. سۆزنى ساكىنلىق ھەرپ بىلەن باشلاپ ئوقۇش مۇمكىن بولمىغاچقا، ئۇنىڭ ئالدىغا زىرلىك ئەلىفنى كەلتۈرسەك، اوْضَرْ بولىدۇ. بۇنىڭدا ۋاۋنىڭ ئالدىدىكى ھەرپ زىرلىك بولغاچقا، ۋاۋنى ياء غا ئالماشتۇرساق، بۇيرۇق شەكىل ايْضَرْ ھاسىل بولىدۇ.)

لِيَوْضَرْ (يىرىڭلىسۇن!)

(بۇنىڭ ئۆزگىرىش ئەھۋالىنى قىياس قىلىڭ.)

لاَتَوْضَرْ (يىرىڭلىما)

مَوْضَرٌ (يىرىڭلىغان ئورۇن)

مِيْضَارٌ (يىرىڭلاتقۇچى)

(بۇ إِسْمُ أَلَة بولۇپ، ئەسلى شەكلى مِوْضَارٌدۇر. بۇنىڭدا ۋاۋنىڭ ئالدىدىكى ھەرپ زىرلىك بولغاچقا، ۋاۋنى ياءغا ئۆزگەرتسەك مِيْضَارٌبولىدۇ.)

اَوْضَرُ (بەكرەك يىرىڭلىغان)

(بۇ بابنىڭ وَسَعَ يَسَعُ شەكلىدىكى مثال الواو (باش ھەرپى ۋاۋ بولغان ئۈچ ھەرپلىك پېئىللار) نىڭ تۈرلىنىش ئەھۋالى تۆۋەندىكىچە:

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



وَسَعَ (ئۆز ئىچىگە ئالدى، سىغدۇردى)

(بۇ پېئىلنىڭ ئەسلى شەكلى وَسِعَ بولۇپ، تاۋۇش تەلەپپۇزدىكى ماسلىشىش مۇناسىۋىتى جەھەتتىن زىر زەۋەرگە ئۆزگەرگەن.)

يَسَعُ (سىغدۇرىدۇ)

(بۇنىڭ ئەسلى شەكلى يَوْسَعُ بولۇپ، بۇنىڭدا ساكىنلىق ۋاۋ كەلگۈسى زامان ھەرپى بىلەن ھەقىقىي زەۋەر ئارىسىدا كەلگەچكە، ئۇ قىسقارتىلىپ يَسَعُ قالغان.)

سِعَةً (سىغدۇرماق، ئۆز ئىچىگە ئالماق)

(بۇنىڭ ئەسلى شەكلى وِسْعًا بولۇپ، ئۆزگىرىپ سِعَةً بولۇپ قېلىشى ثِبَةٌ گە ئوخشايدۇ.)

وَاسِعٌ (سىغدۇرغۇچى، ئۆز ئىچىگە ئالغۇچى)

مَوْسُوْعٌ (سىغدۇرۇلغۇچى، ئىچىگە ئېلىنغۇچى)

لَمْ يَسَعْ (سىغدۇرمىدى)

لاَ يَسَعُ (سىغدۇرمايدۇ)

سَعْ (سىغدۇر)

(بۇ لامىسىز بۇيرۇق شەكلى بولۇپ، بۇنى تَوْسَعُ دىن ئايرىيمىز. ئالدى بىلەن كەلگۈسى زامان ھەرپى ۋە ھەقىقىي زەۋەر ئارىسىدا كەلگەن زىرلىك ۋاۋنى قىسقارتىمىز ۋە ئاخىرقى ھەرپىنى ساكىنلىق قىلىمىز. نەتىجىدە تَسَعْ قالىدۇ. ئاندىن كەلگۈسى زامان ھەرپىنى قىسقارتىۋەتسەك، سَعْ شەكىللىنىدۇ.)

لِيَسَعْ (سىغدۇرسۇن)

(بۇنىڭ ئەسلى شەكلى يَوْسَعُ دۇر.)

لاَتَسَعْ (سىغدۇرما)

(بۇنىڭ ئەسلى شەكلى تَوْسَعُ دۇر.)

مَوْسَعٌ (سىغدۇرۇش ئورنى ياكى ۋاقتى)
مِيْسَاعٌ (سىغدۇرغۇچى ئەسۋاب، تاغار، خالتا)
(بۇنىڭ ئەسلى شەكلى مِوْسَاعٌ بولۇپ، ئۆزگىرىشى مِيْضَارٌ گە ئوخشاشتۇر.)
اَوْسَعُ (بەك سىغدۇرىدىغان)
(بۇ بابنىڭ يَئِسَ يَيْئَسُ شەكلىدىكى مثال الياء (ياء بىلەن باشلانغان ئۈچ ھەرپلىك كىبەل پېئىللار) نىڭ ئۆزگىرىش ئەھۋالى تۆۋەندىكىچە:
يَئِسَ (ئۈمىدسىزلەندى)
يَيْئَسُ (ئۈمىدسىزلىنىدۇ)
يَئْساً (ئۈمىدسىزلەنمەك، روھى چۈشمەك)
يَؤُسٌ (بۇ ئوخشاتما سۈپەتتۇر، ئۈمىدسىز)
لَمْ يَيْئَسْ (ئۈمىدسىزلەنمىدى)
لاَيَيْئَسُ (ئۈمىدسىزلەنمەيدۇ)
اِيْئَسْ (ئۈمىدسىزلەن)
لِيَيْئَسْ (ئۈمىدسىزلەنسۇن)
لاَتَيْئَسْ (ئۈمىدسىزلەنمە)
مَيْئَسٌ (ئۈمىدسىزلىنىدىغان ئورۇن ياكى ۋاقىت)
مِيْئَاسٌ (ئۈمىدسىزلەندۈرىدىغان نەرسە)
اَيْئَسُ (بەك ئۈمىدسىز، روھى بەك چۈشكۈن)
بۇ بابنىڭ خَافَ يَخَافُ شەكلىدىكى اَجْوَفُ الواو (ئوتتۇرىسى ۋاۋ ھەرپى بولغان كىبەل پېئىللار) نىڭ تۈرلىنىش ـ ئۆزگىرىش ئەھۋالى تۆۋەندىكىچە:

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



**خَافَ** (قورقتى)

(بۇ ئۆتكەن زامان شەكلى بولۇپ، ئەسلى **خَوِفَ** دۇر. بۇنىڭدا ۋاۋ ھەرىكەتلىك ھەمدە ئالدىدىكى ھەرپ زەۋەرلىك بولغاچقا، ئۇنىڭ ئورنىغا ئەلىفنى ئالماشتۇرساق، **خَافَ** قا ئايلىنىدۇ.)

**يَخَافُ** (قورقىدۇ)

(بۇ كەلگۈسى زامان پېئىلىدۇر. بۇنىڭ ئەسلى شەكلى **يَخْوَفُ** بولۇپ، بۇنىڭدا ۋاۋ بولسا ھەرىكەتلىك، ئۇنىڭ ئالدىدا كەلگەن ساغلام ھەرپ ساكىنلىق بولغاچقا، ھەرىكەتنى ئالدىدىكى ساكىنلىق ھەرپكە بەرسەك **يَخَــوْفُ** بولىدۇ. يەنە يۆتكەلگەن ھەرىكەت ئېتىبارى بىلەن ۋاۋنىڭ ئورنىغا ئەلىفنى يۆتكىسەك **يَخَافُ** بولىدۇ.)

**خَوْفًا** (قورقماق)

**خَائِفٌ** (قورققۇچى)

(بۇ إِسْمُ فاعل بولۇپ، ئەسلى شەكلى **خَــاوِفٌ** دۇر. بۇنىڭدا ئارتۇق ئەلىف تىن كېيىن كەلگەن ۋاۋنى ھەمزىگە ئالماشتۇرۇش قائىدىسىگە ئاساسەن بىجىرسەك، سۆزنىڭ شەكلى **خَــائِفٌ** غا ئايلىنىدۇ.)

**مَخُوْفٌ** (قورققان، قورقىتىلغان)

(بۇ إِسْمُ مفعول بولۇپ، ئەسلى شەكلى **مَخْوُوْفٌ** دۇر. بۇنىڭدا ۋاۋ بولسا ھەرىكەتلىك، ئۇنىڭ ئالدىدىكى ساغلام ھەرپ ساكىنلىق بولغاچقا، ۋاۋنىڭ ھەرىكىتىنى ئالدىغا يۆتكىسەك، **مَخُــوْوْفٌ** قالىدۇ. بۇنىڭدا ئىككى ساكىن بىر يەردە كېلىپ قالغاچقا ھەمدە بۇ يەردە بىرىكتۈرۈش شەرتى ھازىرلانغاچقا، ۋاۋنى ۋاۋغا بىرىكتۈرسەك، **مَخُوْفٌ** بولىدۇ.)

**لَمْ يَخَفْ** (قورقمىدى)

(بۇ ئۆتكەن زامان ئىنكار پېئىلى بولۇپ، بۇنىڭ ئەسلى شەكلى يَخَافُ دۇر. بۇنىڭ ئالدىغا «لَمْ»نى كەلتۈرسەك، سۆز ئاخىرىدىكى ھەرپ ساغلام ھەرپ بولغاچقا، ئۇ ساكىنلىق بولۇپ ئۆزگىرىدۇ. خۇددى لَمْ يَخَافْ قا ئوخشاش بۇنىڭدا ئىككى ساكىن بىرگە كېلىپ قالغاچقا، ئەلىف بىلەن فاء ئارىسىدا ئەلىفنى قىسقارتىمىز. نەتىجىدە لَمْ يَخَفْ بولىدۇ.)

لاَيَخَافُ (قورقمايدۇ)

(بۇ كەلگۈسى زامان ئىنكار پېئىلى بولۇپ، ئۇنىڭ ئۆزگىرىش ئەھۋالى كەلگۈسى زامان تەستىق پېئىلىنىڭ شەكلى بىلەن ئوخشاشتۇر.)

خَفْ (قورق)

لِيَخَفْ (قورقسۇن)

لاَتَخَفْ (قورقما)

مَخَافٌ (قورقۇش ۋاقتى ياكى ئورنى)

(بۇ إسْمُ زمان ۋە إسْمُ مكان بولۇپ، ئەسلى شەكلى مَخْوَفٌ دۇر. ئۆزگىرىش ئەھۋالىنى قىياس قىلىڭ.)

مِيْخَافٌ (قورقاتقۇچ قورال ياكى سايمان)

(بۇ إسْمُ أَلَة بولۇپ، ئەسلى شەكلى مِوْخَافٌ دۇر. ئۆزگىرىش جەريانىنى قىياس قىلىڭ.)

اَخَافُ (قورققاقراق، بەك قورققاق)

(بۇ إسْمُ تَفْضِيْل بولۇپ، ئەسلى شەكلى اَخْوَفُ دۇر. ئۆزگىرىش جەريانىنى قىياس قىلىڭ.)

قَوِيَ (ئەسلى قَوِوَ. زىردىن كېيىن «ل»نىڭ ئۇدۇلىدا كەلگەن «ۋاۋ» «ياء»قا يۆتكىلىپ قَوِيَ بولىدۇ.)

يَقْوٰى (ئەسلى يَقْوَوُ دۇر. ئاخىرقى «ۋاۋ» ۋەزنىنىڭ تۆتىنچى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com


ھەرپى ئۇدۇلىدا كەلگەنلىكى ئۈچۈن، «ياء»قا يۆتكىلىپ يَقْــوَىُ بولىدۇ. ياء ھەرىكەتلىك، ئالدى زەۋەر، ياء ئەلىفقا يۆتكىلىپ يَقْوٰى بولغان.)

قُوَّةً (كۈچلۈك بولماق)

قَوِيٌّ (ئەسلى قَـوُوٌ. ئاخىرقى «ۋاۋ» ۋەزىنىنىڭ تۆتىنچى ھەرپى ئۇدۇلىدا كەلگەنلىكى ئۈچۈن، ياء قا يۆتكىلىپ قَـوُوْيٌ بولغان. «ۋاۋ، ياء» بىرگە كەلگەنلىكى ئۈچۈن، ساكىنلىق ۋاۋ ياء قا يۆتكىلىپ، ئاندىن ياء ياءقا كىرىشتۈرۈلۈپ قَوُيٌّ بولغان. ياء غا مۇناسىپ ھالدا «ۋاۋ»غا زىر ھەرىكىتى بېرىلىپ قَـوِيٌّغا ئۆزگەرتىلىدۇ.)

مَقْوِيٌّ ئەسلى مَقْوُوٌ.

5) فَعِلَ يَفْعَلُ بابى (خَامسُهَا فعل يَفعلُ).

بۇ باپتا مَصْدَرٌ لەر يەتتە ۋەزىندە كېلىدۇ عِلَّةٌ – ثِقَةٌ (ئىشەنچ باغلىماق)، فَعَالَةٌ – وِلَايَةٌ (ئىگە بولماق)، فِعْــلٌ – وِرْثٌ (مىراس ئالماق)، فَعْلٌ – وَرْعٌ (پاك بولماق)، فُعْلٌ – يُبْسٌ (قۇرۇماق)، فَعَــلٌ – وَرَمٌ (ئىششىماق)، فِعْلَانٌ – حِسْبَانٌ (گۇمان قىلماق).

بۇ بابنىڭ نَعِمَ يَنْعَمُ شەكلىدىكى صَــحِيح (ساغلام ھەرپلىك پېئىللار) نىڭ تۈرلىنىش ئەھۋالى تۆۋەندىكىچە:

نَعِمَ يَنْعِمُ نِعْمًا، نِعْمَةً، نُعُوْمَــةً (نېمەتلىك، نازۇ – نېمەتلىك بولماق)

نَعِيْمٌ (صِفَةٌمشَبَّهِة) لَمْ يَنْعِمْ لَايَنْعِمُ اِنْعِمْ لِيَنْعِمْ لَاتَنْعِمْ مَنْعِمٌ مِنْعَــامٌ اَنْعَمُ.

بۇ بابنىڭ مىسال ۋاۋنىڭ تۈرلىنىش ئەھۋالى مۇنداق:

وَرِثَ يَرِثُ (يَشِبُ غا ئوخشاش)

وِرَاثَةً اِرْثًا (مىراس ئالماق).

(ارْثًــا ئەسلى ورْثًــا. زىـر ۋاۋغـا ئىبغىـر، ئۇنى هَمْـــزَةَ گـه يۆتكىسەك، ارْثًا بولعدۇ. رِثَةً ئەسلى ورْثًا. زىـر ۋاۋغـا ئىبغىـر، ئۇنىڭ ئارقىسىدىكى ھەرپكە ھەرىكەت بېرىش زۆرۈر. ۋاۋنىڭ ھەرىكىتىنى ئارقىسىدىكى ھەرپكە بېرىپ، ۋاۋنى يوقاتساق، رِثًــا بولىدۇ. ئاخىرىغا يوقالغان ۋاۋدىن تَاءُ مَصْدَرِنى ئارىيەت ئالساق، رِثَــةً بولىدۇ. ۋەزنى عِلَةً دۇر.)

وَارِثٌ (مىراس ئالغۇچى)

مَوْرُوْثٌ (مىراس قالغان نەرسە)

لَمْ يَرِثْ (مىراس ئالمىدى)

لاَيَرِثُ (مىراس ئالمايدۇ)

رِثْ (مىراس ئال)

لِيَرِثْ (ۋارسلىق قىلسۇن)

لاَتَرِثْ (ۋارسلىق قىلما، مىراس ئالما)

مَوْرِثُ (مىراس ئالىدىغان ئورۇن ۋە ۋاقىت)

مِيْرَاثٌ (مىراس)

اَوْرَثُ (مىراسىنى كۆپ ئالىدىغان، مىراس ئېلىشقا ھەقلىقرەك) شۇ بابنىڭ ملتــوي سىدۇر. مىساللىرىنىڭ تۈرلىنىشى تۆۋەندىكىچە:

وَلِيَ يَلِيْ (يَرِثُ غا ئوخشاش.)

وَلْيًــا (ئىگىدارچىلىق قىلىش، ھاكىم بولۇش، يېقىن بولۇش، ياردەم بېرىش مەنىلىرىدە كېلىدۇ.)

وَلِيٌّ (صفةمشبهة)

وَالٍ (رَامٍغا ئوخشاش)

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com



مَوْلِ (ئىگە قىلىنغۇچى)

لَمْ يَلِيْ (ئىگە بولمىدى)

لاَيَلِيْ (ئىگە بولمايدۇ)

لِ (ئىگە بول)

لِيَلِ (ئىگە بولسۇن)

لاَتَلِ (ئىگە بولما)

مَوْلِيً (ئىگە بولىدىغان ۋاقىت ۋە ئورۇن)

مِيْلاَءٌ (ئىگە قىلدۇرىدىغان سايمان)

اَوْلى (ئىگە بولۇشقا بەكرەك ھەقلىق بولغان)

6) فَعُلَ يَفْعُلُ بابى (سَادِسُهَافَعُلَ يَفْعُلُ)

بۇ بابتا مَصْدَرٌ سەككىز ۋەزنىدە كېلىدۇ. فَعَالَةٌ – كَفَاءَةٌ (باراۋەر بولماق)، فُعُوْلَةٌ – رُطُوْبَةٌ (ھۆل بولماق)، فَعَلٌ – شَرَفٌ (ئۇلۇغ بولماق)، فَعْلٌ – ضَعْفٌ (ئاجىز بولماق)، فُعْلَةٌ – جُرْءَةٌ (جۈرئەتلىك بولماق)، فِعَلٌ – صِغَرٌ (كىچىك بولماق)، فِعْلٌ – حِلْمٌ (يۇۋاش بولماق)، فُعْلٌ – قُرْبٌ (يېقىن بولماق).

بۇنىڭدىن باشقا بابلاردا «لاَزِمٌ» ھەم «مُتَعَدِّيٌ» كېلىدۇ. بۇ بابتا بولسا پەقەت «لاَزِمٌ» كېلىدۇ.

تۆۋەندە بۇ بابقا تەۋە بولغان پېئىل قۇرۇلمىلىرىنىڭ ئۆزگىرىش ۋە تۈرلىنىش ئەھۋالىنى چۈشەندۈرىمىز.

شَرُفَ (شەرەپلىك بولدى)

يَشْرُفُ (شەرەپلىك بولىدۇ)

شُرْفًا، شَرَفًا، شَرَافَةً (ئۇلۇغ بولماق، ھۆرمەتلىك بولماق)

شَرِيْفٌ (صِفَةمشبهة بۇنىڭ جەمئىي شەكلى: شُرَفَاءُ، اَشْرَافُ)

لَمْ يَشْرُفْ (شەرەپلىك بولمىدى)

لاَيَشْرُفُ (شەرەپلىك بولمايدۇ)

اُشْرُفْ (شەرەپلىك بول)

لِيَشْرُفْ (شەرەپلىك بولسۇن)

لاَتَشْرُفْ (شەرەپلىك بولما)

مَشْرَفٌ (شەرەپلىك بولىدىغان ئورۇن ۋە ۋاقىت)

مِشْرَافٌ (شەرەپكە ئېرىشتۈرىدىغان نەرسە)

اَشْرَفُ (شەرەپلىكرەك)

حَبَّ يَحُبُّ شۇ بابنىڭ مضاعف ثلاثي دۇر.

حَبَّ (دوست بولدى)

يَحُبُّ (دوست بولىدۇ)

حَبًّا (دوست بولماق، سۆيمەك)

حَبِيْبٌ (دوست)

لَمْ يَحُبَّ (دوستلاشمىدى)

لاَيَحُبُّ (دوستلاشمايدۇ)

حُبَّ (دوستلاشقىن)

لِيَحُبَّ (دوستلاشسۇن)

لاَتَحُبَّ (دوستلاشما)

مَحَبٌّ (دوستلىشىش ۋاقتى ۋە ئورنى)

مِحْبَابٌ (دوستلىشىشتا ئىشلىتىدىغان سايمان، دەللال)

اَحَبُّ (دوستلاشقاراق، سۆيۈملۈكرەك)

بۇ بابنىڭ وَقُحَ يَوْقُحُ شەكلىدىكى مِثَالُ الْوَاوِ (باش ھەرپى ۋاۋ

ئۇيغۇر كىتاب تورى بىكىتى
www.uyghurkitap.com



بولغان كېسەل ھەرپلىك پېئىللار) نىڭ تۈرلىنىش ــ ئۆزگىرىش ئەھۋالى تۆۋەندىكىدەك:

وَقُحَ (سەت يۈز بولدى، نومۇسسىزلاشتى)

يَوْقُحُ (نومۇسسىزلىشىدۇ)

وَقْحًا (نومۇسسىزلاشماق، يۈزى قېلىن بولماق)

وَاقِحٌ (نومۇسسىز، يۈزى قېلىن [ئىسىم ئورنىدا])

مَوْقُوحٌ (يۈزى سەت، سەتلەشتۈرۈلگەن)

لَمْ يَوْقُحْ (سەتلەشمىدى، يۈزى قېلىن بولمىدى)

لاَيَوْقُحُ (سەتلەشمەيدۇ، يۈزى قېلىن بولمايدۇ)

لاَتَوْقُحْ (سەتلەش، نومۇسسىز بول)

اُوْقُحْ (سەتلەش، يۈزى قېلىن بول)

لِيَوْقُحْ (سەتلەشسۇن، يۈزى قېلىن بولسۇن)

لاَتَوْقُحْ (سەتلەشمە، نومۇسسىزلاشما)

مَوْقَحٌ )سەتلىشىش ۋاقتى ياكى ئورنى)

مِيْقَــاحٌ (سەتلەشتۈرىدىغان سايمان، چىراي ئۆزگەرتىدىغان نەرسە)

(بۇ إِسْمُ أَلَة بولۇپ، ئەسلى شەكلى مِوْقَــاحٌ دۇر. ئۆزگىرىش ئەھۋالىنى قىياس قىلىڭ.)

اَوْقَحُ (يۈزى قېلىنراق، بەك نومۇسسىز)

بۇ بابنىڭ يَسُرَ يَيْسُرُ شەكلىدىكى مِثَالُ اليَاءِ (باش ھەرپى ياء بولغان كېسەل ھەرپلىك پېئىللار) نىڭ تۈرلىنىش ــ ئۆزگىرىش ئەھۋالى تۆۋەندىكىچە:

يَسُرَ (ئاسان بولدى، ئاسانلاشتى)

يَيْسُرُ (ئاسان بولىدۇ، قۇلاي بولىدۇ)

يُسْرًا (ئاسان بولماق، قۇلاي بولماق)

يَاسِرٌ (ئاسان بولغۇچى).

مَيْسُوْرٌ (ئاسانلاشتۇرۇلغان، قۇلايلىق قىلىنغان)

لَمْ يَيْسُرْ (ئاسان بولمىدى، قۇلاي بولمىدى)

لاَيَيْسُرُ (ئاسان بولمايدۇ)

أُوْسُرْ (ئاسان بول)

(بۇ لامىسى بۇيرۇق بولۇپ، بۇنى تَيْسُرُ دىن ئايرىيمىز. ئالدى بىلەن سۆز ئاخىرىدىكى ھەرپ ساغلام بولغاچقا، ئۇنى ساكىنلىق قىلىمىز. بۇنىڭدا تَيْسُرْ بولىدۇ. ئاندىن كەلگۈسى زامان ھەرپى بولغان تاءنى تاشلىۋەتسەك يُسُــرْ قالىدۇ. سۆزنى ساكىنلىق ھەرپ بىلەن باشلاپ ئوقۇش مۇشكۇل بولغاچقا ۋە بۇ سۆز يَفْعُــلُ (پىچلىك ئەيىن ـ عُ بابىدىن) بولغاچقا، پىچلىك ئەلىفنى سۆز ئالدىغا كەلتۈرسەك، اُيسُرْ بولىدۇ. پىچ بىلەن ۋاۋ ماسلىشىدىغان بولغاچقا، ياءنى ۋاۋغا ئالماشتۇرساق، نەتىجىدە لامىسىز بۇيرۇق شەكلى اُوْسُرْ ھاسىل بولىدۇ.)

لِيَيْسُرْ (ئاسان بولسۇن)

لاَتَيْسُرْ (ئاسان بولما)

مَيْسَرٌ (قۇلاي بولۇش ئورنى ياكى ۋاقتى)

مِيْسَارٌ (قۇلاي بولۇشتا ئىشلىتىلىدىغان قورال)

اَيْسَرٌ (قۇلايلىقراق، ئاسانراق)

بۇ بابنىڭ طَالَ يَطُوْلُ شەكلىدىكى اَجْـوَفُ الْـوَاو (ئوتتۇرا ھەرپى ۋاۋ بولغان كېسەل ھەرپلىك پېئىللار) نىڭ تۈرلىنىش ۋە

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



ئۆزگىرىش ئەھۋالى تۆۋەندىكىدەك:

طَالَ (ئۇزاردى)

(بۇ ئۆتكەن زامان پېئىلى بولۇپ، ئەسلى شەكلى طَـوُلَ دۇر. بۇنىڭدا ۋاۋ بولسا ھەرىكەتلىك ھەمدە ئۇنىڭ ئالدىدىكى ھەرپ زەۋەرلىك بولغاچقا، ۋاۋنى ئەلىفكە ئالماشتۇرساق، طَـالَ ھاسىل بولىدۇ.)

يَطُوْلُ (ئۇزىرىدۇ، ئۇزۇن بولىدۇ)

(بۇ كەلگۈسى زامان پېئىلى بولۇپ، ئەسلى شەكلى يَطْـوُلُ دۇر. بۇنىڭدا پېچ ۋاۋ ئۇچۇن ئېغىر ھېسابلىنىدۇ. ئۇنىڭ ئالدىدىكى ھەرپ ساكىنلىق بولغاچقا، ۋاۋنىڭ پېچىنى ئالدىغا ئۆتكۈزسەك، يَطُوْلُ ھاسىل بولىدۇ.)

طُوْلاً (ئۇزارماق، ئۇزۇن بولماق)

طَوِيْلٌ ج ← طِوَالٌ (ئۇزۇن)

(بۇ ئوخشاتما سۈپەت - صِفَة مُشَبَّهَةدۇر.)

لَمْ يَطُلْ (ئۇزارمىدى)

(بۇ ئۆتكەن زامان ئىنكار پېئىلى بولۇپ، ئەسلى شەكلى يَطُوْلُ دىن ئېلىنغان. بۇنىڭ ئالدىغا ساكىن قىلغۇچى «لَـمْ»نى كەلتۈرۈپ، سۆز ئاخىرىدىكى ھەرپنى ساكىنلىق قىلساق، لَـمْ يَطُوْلْ بولىدۇ. بۇنىڭدا ئىككى ساكىن بىر يەردە كېلىپ قالغاچقا، ئىككى ھەرپتىن ۋاۋنى قىسقارتساق، لَمْ يَطُلْ ھاسىل بولىدۇ.)

لاَيَطُوْلُ (ئۇزارمايدۇ)

طُلْ (ئۇزار)

(بۇ لامىسىز بۇيرۇق بولۇپ، بۇنى تَطُـــوْلُ دىن ئايرىپ چىقىرىمىز، ئالدى بىلەن سۆز ئاخىرىدىكى ساغلام ھەرپنى ساكىن قىلساق تَطُـوْلْ بولىدۇ. بۇنىڭدا ئىككى ساكىن بىرگە

كېلىپ قالغاچقا، ئىككى ھەرپتىن ۋاۋنى قىسقارتىمىز، تَطُلْ قالىدۇ. ئاندىن كەلگۈسى زامان ھەرپى تاءنى تاشلىۋەتسەك، لامىسىز بۇيرۇق طُلْ تامام بولىدۇ.)

لِيَطُلْ (ئۇزارسۇن)

(بۇ لاملىق بۇيرۇق بولۇپ، ئۆزگىرىش ئەھۋالىنى يۇقىرىقىلار ئاساسىدا قىياس قىلىڭ.)

لاَتَطُلْ (ئۇزارما)

مَطَالٌ (ئۇزراش ئورنى ياكى ۋاقتى)

(بۇ إِسْمُ زمان ۋە إِسْمُ مكان بولۇپ، ئەسلى شەكلى مَطْوَلٌ دۇر. ئۆزگىرىش ئەھۋالىنى قىياس قىلىڭ.)

اَطَالٌ (بەكرەك ئۇزۇن، ئۇزارغاقراق)

(بۇ إِسْمُ تفضيل بولۇپ، ئەسلى شەكلى اَطْوَلُ دۇر. ئۆزگىرىش ئەھۋالىنى قىياس قىلىڭ.)

مِطْوَالٌ (ئۇزارتقۇچ سايمان)

بۇ بابنىڭ رَخُوَ يَرْخُوْ شەكلىدىكى نَاقِصُ الْوَاوِ (ئاخىرقى ھەرپى كېسەل ھەرپ پېئىللار) نىڭ تۈرلىنىش ـ ئۆزگىرىش ئەھۋالى تۆۋەندىكىدەك:

رَخُوَ (بوشاشتى، سۇس بولدى)

يَرْخُو (بوشىشىدۇ، سۇسلىشىدۇ)

(بۇ كەلگۈسى زامان پېئىلى بولۇپ، ئەسلى شەكلى يَرْخُوُ دۇر. بۇنىڭدا پېچ ۋاۋ ئۇچۇن ئېغىر ھېسابلانغاچقا، ۋاۋنىڭ پېچىنى تاشلىۋەتسەك، كەلگۈسى زامان شەكلى يَرْخُو ھاسىل بولىدۇ.)

رَخْوٌ (سۇس بولماق، بوشاشماق)

رَخْوٌ (سۇس، بوش)

(بۇ ئوخشاتما سۈپەت ـ صِفَة مُشَبَّهَة دۇر.)

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



لَمْ يَرْخُو (بوشاشمىدى، سۇسلاشمىدى)

لاَيَرْخُو (بوشاشمايدۇ، سۇسلاشمايدۇ)

أُرْخُ (سۇس بول، بوشاش)

لِيَرْخُ (سۇس بولسۇن، بوشاشسۇن)

لاَتَرْخُ (بوشاشما، سۇس بولما)

مَرْخِيٌ (سۇسلىششش ئورنى)

مِرْخِيٌ (سۇسلاشتۇرغۇچى)

اَرْخٰى (بەك سۇس، ناھايىتى بوشاڭ)

(بۇ إِسْمُ تفضيل بولۇپ، ئەسلى شەكلى اَرْخَوُ دۇر. بۇنىڭدا ۋاۋ بولسا ھەرىكەتلىك ۋە ئالدىدىكى ھەرپ زەۋەرلىك بولغاچقا، ۋاۋنى ئەلىفكە ئالماشتۇرساق، اَرْخٰى ھاسىل بولىدۇ.)

## 2. ئۈچتىن ئارتۇق ھەرپلىك پېئىل (اَلْفِعْلُ الثُّلاَثِيُّ الْمَزِيْدُ)

ئۈچتىن ئارتۇق ھەرپلىك پېئىل جەمئىي ئون ئىككى بابتۇر.

ثُلاَثِيٌّ مَزِيْدٌگە ھەرپنى زىيادە قىلىش شەكلى ئىككى خىل بولۇپ، بىرى ئەسلىدىكى بىر ھەرپنى تەكرار قىلىش (مەسىلەن: فَرَّحَ ئەسلى فَرِحَ دۇر) يەنە بىرى ئەسلىدىكىدىن باشقا بىر هَمْـزَةُ نى زىيادە كەلتۈرۈش (مەسىلەن: اَكْرَمَ ئەسلى كَـرَمَ دۇر) زىيادە قىلىنىدىغان ھەرپلەر ئون بولۇپ، ئۇلارنى «سَـاَلْتُمُوْنِيْهَا» بىلەن ئىپادىلەش مۇمكىن.

ثُلاَثِيٌّ مَزِيْـدٌ ئۈچ قىسىم بولۇپ، بىرىنچىسى ئەسلىدىكى ھەرپكە بىر ھەرپ زىيادە بولۇپ كېلىدۇ. مەسىلەن: اِفْعَالٌ، تَفْعِيْـلٌ،

مُفَاعَلَةٌ بابلىرى. ئىككىنچىسى ئىككى ھەرپ زىيادە بولۇپ كېلىدۇ. مەسىلەن: اِفْتِعَالٌ، اِنْفِعَالٌ، اِفْعِلاَلٌ، تَفَعُّلٌ، تَفَاعُلٌ بابلىرى. ئۈچىنچىسى ئۈچ ھەرپ زىيادە بولۇپ كېلىدۇ. مەسىلەن: اِفْعِيْلاَلٌ، اِسْتِفْعَالٌ، اِفْعِيْعَالٌ، اِفْعِوَّالٌ بابلىرى.

1) اَفْعَلَ يُفْعِلُ بابى (اَحَدُهَا اَفْعَلَ يُفْعِلُ)

بىر ھەرپ زىيادە قىلىنغان بۇ بابتا مَصْدَرٌ لەر «اِفْعَالٌ، فَعَالَةٌ، فَعَالٌ» ۋەزنىدە كېلىدۇ.

بۇ بابتا هَمْزَةُ نى زىيادە قىلىش كۆپىنچە فِعْلُ لاَزِمٍ نى فِعْلُ مُتَعَدِّى قىلىش ئۈچۈن كېلىدۇ. مەسىلەن: اَذْهَبْتُ زَيْدًا فَذَهَبَ (زەيدنى كەتكۈزىۋەتكەنىدىم، كېتىپ قالدى.) بىر قانچە صِيْغَةُ لەر بۇنىڭ ئەكسىچە بولىدۇ. مەسىلەن: كَبَّ فَاَكَبَّ (يۈزىنى تۆۋەن قىلغانىدى، تۆۋەن بولدى.) فَشَعَ فَاَفْشَعَ (تاراتقانىدى، تارىدى). يەنە ۋاقىت مەنىسىنىمۇ بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن: اَصْبَحَ (تاڭ سەھەردە كىردى.) اَمْسٰى (ئاخشامدا كىردى). پېئىلنىڭ كۆپلۈكىنى بىلدۈرۈپمۇ كېلىدۇ. مەسىلەن: اَثْمَرَ السَّفَرْجَلُ (بېھى كۆپ مېۋە بەردى.)

بۇ بابنىڭ قۇرۇلمىسىدىكى پېئىللار كۆپ ھاللاردا ئۆتۈملۈك (مُتَعَدِّى) بولۇپ كېلىدۇ، بەزى ئەھۋاللاردا ئۆتۈمسىز (لاَزِمٌ) بولۇپ كېلىدۇ.

ئەرەب تىلىدا ئۆتۈمسىز پېئىللار ئۈچ خىل سەۋەب بىلەن ئۆتۈملۈك پېئىللارغا ئايلىنالايدۇ. ئۇ ئۈچ سەۋەب:

(1) ئۆتۈمسىز پېئىلنىڭ بېشىدا ھەمزىنىڭ بولۇشى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



(2) سۆز ئاخىرىدا زىر قىلغۇچى ھەرپنىڭ بولۇشى.

(3) سۆز تەركىبىدىكى «ع» نىڭ ئۆدۈلىدىكى ھەرپنىڭ تەشدىدلىك بولۇشىدىن ئىبارەت. مەسىلەن:

اَخْرَجْتُهُ

خَرَّجْتُهُ

خَرْجَتُهُ دېگەندەك.

يەنە ئۆتۈمسىز پېئىللارنى تۆۋەندىكى يوللار بىلەن ئۆتۈملۈك قىلىشقا بولىدۇ. يەنى: تَفَعَّلَ ۋەزنىدىكى قۇرۇلمىدىن تاء نىڭ يوقىلىشى ۋە «ع»نىڭ تەشدىدلىك بولۇشى نەتىجىسىدە ئۆتۈملۈك پېئىل شەكلى فَعَّلَ ھاسىل بولىدۇ. يەنە شۇنداقلا سۆز ۋەزنى تەركىبىدە لام نىڭ تەكرار بولۇشى، يەنى تَفَعْلَلَ دەك بولۇشى ئارقىلىقمۇ ئۆتۈمسىز پېئىللار ئۆتۈملۈك پېئىللارغا ئايلىنالايدۇ.

ئەرەب تىلىدا پېئىللارنى ئۆتۈملۈك ھالەتتىن ئۆتۈمسىز ھالەتكە ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن، يۇقىرىدا ئېيتىلغان ئۆتۈملۈك قىلغۇچى سەۋەبلەرنى قويۇش ۋە ياكى ئۆتۈملۈك پېئىلنى عِ (زىرلىك ئەين) بابىغا ئالماشتۇرۇش كېرەك.

مەسىلەن: فَعْلَلَ بابىدىكى پېئىللارنىڭ ئالدىدا تاء كەلسە ئۆتۈمسىز پېئىللارغا ئايلىنالايدۇ. بۇنداق ئۆتۈمسىز پېئىللار ھېچقانداق مَفْعُولٌ (يەنى تولدۇرغۇچى) نى قوبۇل قىلالمايدۇ. دېمەك، ئۆتۈملۈك پېئىل بولسا بىر مفعول، ئىككى مفعول ياكى ئۈچ مفعول غا (يەنى تولدۇرغۇچىغا) ئەسىر يېتىپ، ھۆكۈمى شۇلار

ئۇستىدە جارى بولىدىغان پېئىللاردۇر.

تۆۋەندە ئارتۇق ئۈچ ھەرپلىك پېئىللارنىڭ تۈرلىنىش ۋە ئۆزگىرىش ئەھۋالىنى قىسقىچە مىساللار بىلەن تونۇشتۇرۇپ ئۆتىمىز.

اَكْرَمَ (ھۆرمەت قىلدى)

يُكْرِمُ (ھۆرمەت قىلىدۇ)

اِكْرَامًا (ھۆرمەت قىلماق، ئىكرام قىلماق)

مُكْرِمٌ (ھۆرمەتلىگۈچى)

مُكْرَمٌ (ھۆرمەتلەنگۈچى)

لَمْ يُكْرِمْ (ھۆرمەت قىلمىدى)

لاَيُكْرِمُ (ھۆرمەت قىلمايدۇ)

اَكْرِمْ (ھۆرمەتلە، ھۆرمەت قىل)

(بۇ لامىسىز بۇيرۇق بولۇپ، بۇنى كەلگۈسى زامان پېئىلى تُكْرِمُ دىن ئايرىيمىز. ئالدى بىلەن سۆز ئاخىرىدىكى ھەرپ ساغلام ھەرپ بولغاچقا، ئۇنى ساكىنلىق قىلىمىز. بۇنىڭدا تُكْرِمْ ھاسىل بولىدۇ. ئاندىن كەلگۈسى زامان ھەرپى تاء نى تاشلىۋەتسەك كْرِمْ قالىدۇ. بۇ سۆز زىرلىق ئەين بابىدىن بولمىغاچقا ۋە بۇ سۆزنى ساكىن بىلەن باشلاپ ئوقۇش مۇشكۇل بولغاچقا، ئۇنىڭ ئالدىغا زەۋەرلىك ئەلىفنى كەلتۈرسەك، بۇيرۇق شەكلى اَكْــرِمْ ھاسىل بولىدۇ.)

لِيُكْرِمْ (ھۆرمەت قىلسۇن)

لاَتُكْرِمْ (ھۆرمەت قىلما)

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



(قالغان شەكىللىرى إِسْمُ مفعول شەكلىگە ئوخشايدۇ.)

اَحَبَّ (ياخشى كۆردى، سۆيدى)

يُحِبُّ (ياخشى كۆرىدۇ)

اِحْبَابًا (ياخشى كۆرمەك)

مُحِبٌّ (ياخشى كۆرگۈچى)

مُحَبٌّ (ياخشى كۆرۈلگۈچى)

لَمْ يُحِبَّ (ياخشى كۆرمىدى)

لاَيُحِبُّ (ياخشى كۆرمەيدۇ)

اَحِبَّ (ياخشى كۆر، سۆي)

(بۇ لامىسىز بۇيرۇق شەكلى بولۇپ، بۇنى كەلگۈسى زامان شەكلى تُحِـــبُّ دىن ئايرىپ چىقىرىمىز. ئالدى بىلەن سۆز ئاخىرىدىكى ھەرپلەر بىرىككەن ھەرپ - حُرُوْفُ الْمُدْغَم بولغاچقا ۋە بۇ سۆز پىچلىق ئەين - يَفْعُـــلُ بابىدىن بولمىغاچقا، ئۇنىڭ ئاخىرىنى زەۋەر، زىر ۋە ساكىنلىق قىلىش مۇۋاپىق بولىدۇ. شۇنىڭدا تُحِبَّ تُحِبِّ ۋە تُحْبِبْ شەكىللىنىدۇ. ئاندىن كېيىنكى قەدەمدە كەلگۈسى زامان ھەرپى تاءنى تاشلىۋېتىمىز ھەمدە ئالدىغا زەۋەرلىك ئەلىفنى كەلتۈرسەك اَحِبَّ بولىدۇ.)

لِيُحِبَّ (ياخشى كۆرسۇن)

لاَتُحِبَّ (ياخشى كۆرمە)

اَوْجَبَ (ۋاجىب قىلدى، مەسئۇل قىلدى)

يُوْجِبُ (ۋاجىب قىلىدۇ، مەسئۇل قىلىدۇ)

اِيْجَابًا (ۋاجىب بولماق، مەسئۇل قىلماق)

(بۇ مەسدەر بولۇپ، ئەسلى شەكلى اوْجَابًــا دۇر. ئۆزگىرىش ئەھۋالىنى قىياس قىلىڭ.)

اَيْسَرَ (ئاسان قىلدى، باي بولدى)

يُوْسِرُ (ئاسان قىلىدۇ، باي بولىدۇ)

(بۇ كەلگۈسى زامان پېئىلى بولۇپ، ئەسلى شەكلى يُيْسِرُ دۇر. بۇنىڭدا ياء ساكىنلىق بولغاچقا ھەمدە ئالدىدىكى ھەرپ پەشلىك بولغاچقا، پەشنىڭ ۋاۋ بىلەن ماسلىشىدىغانلىق ئېتىبارى بىلەن ياءنى ئالماشتۇرساق، يُوْسِرُ ھاسىل بولىدۇ.)

اِيْسَارًا (ئاسان قىلماق، بېيىماق)

اَقَامَ (تۇرغۇزدى، تىكلىدى)

(بۇ ئۆتكەن زامان پېئىلى بولۇپ، ئەسلى شەكلى اَقْــوَمَ دۇر. بۇنىڭدا اَقْــوَمَ دىكى ۋاۋ ھەرىكەتلىك، ئۇنىڭ ئالدىدىكى ھەرپ ساكىنلىق بولغاچقا، ۋاۋنىڭ ھەرىكىتىنى ئالدىدىكى ھەرپكە ئۆتكۈزسەك اَقَوْمَ بولىدۇ. يۆتكەلگەن ھەرىكەت ئېتىبارى بىلەن ياء نى ئەلىفكە يۆتكىسەك، اَقَامَ ھاسىل بولىدۇ.)

يُقِيْمُ (تۇرغۇزىدۇ، تىكلەيدۇ)

(بۇ كەلگۈسى زامان پېئىلى بولۇپ، ئەسلى يُقْوِمُ دۇر. بۇنىڭدا ۋاۋ بولسا ھەرىكەتلىك، ئۇنىڭ ئالدىدىكى ھەرپ ساكىنلىق بولغاچقا، ۋاۋنىڭ ھەرىكىتىنى ئالدىدىكى ھەرپكە بەرسەك يُقِــوْمُ بولىدۇ. يەنە بۇنىڭدا ۋاۋنىڭ ئالدىدىكى ھەرپ زىرلىك بولغاچقا ۋە زىر بىلەن ماسلىشىدىغان بولغاچقا، بۇنىڭدىكى ۋاۋنى ياءغا ئالماشتۇرساق، نەتىجىدە كەلگۈسى زامان پېئىل شەكلى يُقِــيْمُ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



پەيدا بولىدۇ.)

اَقَامَةً (تۇرغۇزماق)

اَيْدىٰ يُوْدِيْ اِيْدَاءً (قوۋۋەت بەرمەك)

ئىزاھات: يُفْعِلُ نىڭ ئەسلى يُاَفْعِلُ دۇر. چۈنكى اَفْعَلَ نىڭ هَمْزَةُسى هَمْزَةُقَطْعِيَّةٌ دۇر. هَمْزَةٌ نىڭ ئاساسلىق ئىككى تۈرى بولۇپ، بىرى هَمْزَةٌ وَصْلِيَّةٌ يەنى ئۇلىنىپ كېلىدىغان ھەمزە، مەسىلەن: وَاضْرِبْ وَاعْلَمْ. يەنە بىرى هَمْزَةٌ قَطْعِيَّةٌ يەنى ئۈلانمايدىغان ھەمزە. مەسىلەن: وَاَكْرِمْ، اَقِمْ. ئالىملار «اَلرَّجُلُ اَكْرَمَنِي» دېگەن مىسالنى كەلتۈرۈپ، ئەگەر هَمْزَةٌ، حَرْفُ مُضَارِعَة دىن كېيىن كەلسە، ئۇنى تاشلىۋېتىش ياخشى ئەمەس. بىراق حِكَايَتُ نَفْسِ دە «اُءَفْعِلُ» دېيىش تەلەپپۇزغا ئېغىر بولغانلىقى ئۈچۈن هَمْزَةٌ تاشلانغان، دەپ قاراشتى.

2) فَعَّلَ يُفَعِّلُ بابى (ثَانِيهَا فَعَّلَ يُفَعِّلُ)

ئىككى ھەرپى زىيادە قىلىنغان بۇ بابتا مَصْدَرٌ لەر بەش ۋەزىندە كېلىدۇ. مەسىلەن: تَفْعِيلٌ – تَفْرِيْحٌ (خۇشال قىلماق)، تَفْعِلَةٌ – تَسْوِيَةٌ (باراۋەر قىلماق)، تَفْعَالٌ – تَكْرَارٌ (تەكرار قىلماق)، فَعَّالٌ – كَذَّابٌ (ئارتۇقچە يالغان سۆزلىمەك)، مُفَعَّلَةٌ – مُمَزَّقَةٌ (يىرتماق).

بۇ بابتىكى پېئىللار بىر قانچە خىل مەنىلەرنى ئىپادىلەپ بېرىدۇ: (1) پېئىلنىڭ كۆپلۈكىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن: طَوَّفَ قَاسِمُ (قاسىم كۆپ ئايلاندى). (2) پائىلنىڭ كۆپلۈكىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن: مَوَّتَ الاِبِلُ (كۆپ تۆگە ئۆلدى). (3)

مەپئۇلنىڭ كۆپلۈكىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن: غَلَّقْتُ الاَبْوَابَ (كۆپ ئىشىكلەرنى تاقىدىم). (4) مەپئۇلنى ئەسلى پېئىلغا نىسبەت بېرىش مەنىسىدە كېلىدۇ. مەسىلەن: فَسَّقْتُ يَزِيْدَ (يەزىدنى پاسىقلىقتا ئەيىبلىدىم). (5) لاَزِمٌ نى مُتَعَدّ غا ئايلاندۇرۇش مەنىسىدە كېلىدۇ. مەسىلەن: فَرَّحْتُ عُمَرَ (ئۆمەرنى خۇشال قىلدىم). (6) ئېلىۋېتىش، ئايرىۋېتىش مەنىسىدە كېلىدۇ. مەسىلەن: جَلَّدْتُ الْبَعِيْرَ(تۆگىنى سويدۇم).

صَرَّحَ يُصَرِّحُ تَصْرِيْحًا (ئاشكارا بولماق).

حَيَّ يُحَيِّ تَحِيَّةً (تىرىكچىلىك قىلماق، سالما بەرمەك).

طَيَّبَ يُطَيِّبُ تَطْيِيْبًا (خۇشبۇي قىلماق).

3) فَاعَلَ يُفَاعِلُ بابى (ثَالِثُهَا فَعَلَ يُفَاعِلُ)

ئىككى ھەرپى زىيادە قىلىنغان بۇ بابتا مَصْدَرٌ لەر تۆت ۋەزىندە كېلىدۇ. مەسىلەن: مُفَاعَلَةً، فِعَالاً، فِيْعَالاً، فِعَّالاً.

بۇ باب كۆپ ۋاقىتلاردا ئىككى ياكى كۆپ نەرسىلەر ئارىسىدا ئورتاقلىقنى بىلدۈرۈپ كېلىدۇ. ئۇلارنىڭ بىرى ئاشكارا پائىل سۈرىتىدە بولۇپ مَرْفُوْعٌ دۇر. يەنە بىرى مەپئۇل سۈرىتىدە بولۇپ مَنْصُوْبٌ دۇر. مەسىلەن: ضَارَبَ زَيْدٌ عَمْرًا. كۆرۈنۈشتە «زَيْدٌ» پائىل، «عَمْرًا» مەپئۇلدەك تۇرغىنى بىلەن ئەمەلىيەتتە ھەر ئىككىسىدە پائىللىق ھەم مەپئۇللۇق مەنا مەۋجۇتتۇر.

يەنە فَعَّلَ مەنىسىدە بولۇپ، كۆپەيتىش مەنىسىنى ئىپادىلەپ كېلىدۇ. مەسىلەن: ضَاعَفَ اللهُ اَجْرَهُ – ضَعَّفَ مەنىسىدە (ئاللاھ ئۇنىڭ ئەجرىنى ھەسسىلەپ بەرگەي.)

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى www.uyghurkitap.com



يەنە فَعَلَ مەنىسىدىمۇ كېلىدۇ. مەسىلەن: قَاتَلَهُمُ اللهُ – قَتَلَهُمْ.

سَافَرَ يُسَافِرُمُسَافَرَةً (سەپەر قىلماق)

حَابَّ يُحَابُّ مُحَابَّةً (بىر - بىرىنى دوست تۇتماق)

(حَابَّنىڭ ئەسلى حَابَبَ دۇر. ئالدىنقى «ب»نىڭ ھەرىكىتى تاشلىنىۋېتىپ، ئىككى «ب» نى بىر – بىرىگە كىرىشتۈرسەك، حَابَّ بولىدۇ. يُحَابُّ ئەسلى يُحَابِبُ بولۇپ، حَابَّگە ئوخشاشتۇر.)

مُحَابَّةً (بىرى يەنە بىرىنى دوست تۇتماق).

وَالى نىڭ ئەسلى وَالَيَ دۇر.

يُوَالِي نىڭ ئەسلى يُوَالِيُ دۇر.

مُــوَالاَةً (ئارقىمۇ ئارقىدىن ئىش قىلماق) (ئۇنىڭ ئەسلى مُوَالَيَةً‌دۇر. «ياء» ھەرىكەتلىك ھەم ئالدى زەۋەر بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇنى «ياء» قا يۆتكىسەك مُوَالاَةً بولىدۇ.)

## 4) افْتَعَلَ يَفْتَعِلُ بابى (رَابِعُهَا افْتَعَلَ يَفْتَعِلُ)

هَمْـــزَةٌ وَصْـــلِيَّةٌ بىلەن «فاء» دىن كېيىن «تاء» زىيادە قىلىنغان بۇ بابتا مَصْدَرٌ «افْتِعَالٌ» شەكلىدە كېلىدۇ.

يفْتَعِلٌ نىڭ ئەسلى يُاَفْتَعِلُ بولۇپ، بۇنىڭدىكى هَمْـــزَةٌ هَمْــزَةٌ وَصْلِيَّةٌ دۇر. ئالدىدىكى ھەرپ داۋاملىق ھەرىكەتلىك بولغانلىقى ئۈچۈن هَمْزَةٌ چۈشۈپ قېلىپ، «فاء» حَــرْفُ مُضَـــارِعَةٍ كە ئۇلاپ يېزىلغان.

بۇ بابتىكى زىيادە ھەرپلەر تۆۋەندىكى مەنىلەرنى ئىپادىلەپ بېرىدۇ: (1) بويسۇندۇرۇش، تەسىرىنى قوبۇل قىلىش مەنىسىدە: مەسىلەن: جَمَعْتُهُ فَــاجْتَمَعَ (ئۇنى كۆپەيتكەندىم، كۆپەيدى): (2)

ئەسلى پېئىلنىڭ مَصْدَرِّى مەنىسىدە؛ مەسىلەن: اخْتَبَزْتُ الدَّقِيْقَ (ئۇننى نان قىلدىم). (3) مۇبالىغە مەنىسىدە؛ مەسىلەن: اكْتَسَبَ (ئۇ كۆپ ھۈنەر قىلدى). (4) بەزى ۋاقىتلاردا ئەسلى پېئىل مەنىسىدىمۇ كېلىدۇ؛ مەسىلەن: اجْتَذَبَ – جَذَبَ. (5) تَفَاعُلْ مەنىسىدە؛ مەسىلەن: اخْتَصَمَ – تَخَاصَمَ.

بۇ بابتىكى مۇھىم قائىدىلەر:

(1) افْتِعَالْ نىڭ «فاء» سى ئۇدۇلىدا «ۋاۋ، ياء، ثاء» ھەرپلىرى كەلسە، «تاء»قا يۆتكەش كېرەك. مەسىلەن: اتَّضَحَ، اتَّسَرَ، اتَّقَرَ لارنىڭ ئەسلى اوْتَضَحَ، ايْتَسَرَ، اثْتَقَرَدۇر. بۇ قائىدە بىلەن «ۋاۋ، ياء»نىڭ «تاء»قا يۆتكىلىشىدە «ۋاۋ، تاء» باشقا ھەرپلەردىن يۆتكەلمىگەن بولۇشى شەرت. اتَّخَذَ دەك «ياء»نىڭ ھەمزىدىن يۆتكىلىپ ئاندىن «تاء»قا يۆتكىلىشى ناھايىتى ئاز كۆرۈلىدىغان ئەھۋالدۇر.

(2) افْتِعَالْ نىڭ «فاء» سىنىڭ ئۇدۇلىدا «د، ذ، ز» ھەرپلىرى كەلسە، افْتِعَالْ نىڭ «تاء» سى ئۇدۇلىدىكى ھەرپنى ئاشۇ ھەرپلەرنىڭ بىر خىلىغا يۆتكەپ، بىرىنچىسى ئىككىنچىسىگە كىرىشتۈرىمىز. مەسىلەن: ادَّمَعَ، اذَّكَرَ، ازَّجَرَ ئەسلى ادْتَمَعَ (ياشلاندى)، اذْتَكَرَ (يادىغا ئالدى)، ازْتَجَرَ (قايتتى) ياكى «تاء» نى «د»غا يۆتكەپ كىرىشتۈرمەي ئوقۇشقىمۇ بولىدۇ. مەسىلەن: اذْتَكَرَ، ازْدَجَرَ ، ازْدَادَ.

(3) افْتِعَالْ نىڭ «فاء»سى ئۇدۇلىدا «ص، ض، ط، ظ» ھەرپلىرى كەلسە، ئۇنىڭ «تاء» سى ئۇدۇلىدىكى ھەرپ «طاء»قا

ئۇيغۇر كىتاب تورى بىكىتى www.uyghurkitap.com



يۆتكىلىدۇ. مەسىلەن: اِصْطَلَحَ، اِضْطَرَبَ، اِطَّرَدَ بولۇپ بۇلارنىڭ ئەسلى شەكلى اِصْتَلَحَ (سۆز قوشتى)، اِضْتَرَبَ (قوزغالدى)، اِطْتَرَدَ (بىر يولدا بولدى).

(4) اِفْتَعَالْنىڭ «فاء» سىنىڭ ئۇدۇلىدا «س، ش» ھەرپلىرى كەلسە، ئۇنىڭ «تاء» سىنى شۇ ھەرپىنىڭ بىر خىلىغا يۆتكىسىمۇ بولىدۇ. مەسىلەن: اِسَّمَعَ، اِشَّبَهَ بولۇپ ئەسلى اِسْتَمَعَ، اِشْتَبَهَ دۇر.

(5) اِفْتِعَالْ نىڭ «ع»ى ئۇدۇلىدا «ت، ز، ذ، ز، س، ش، ص، ض، ط، ظ» ھەرپلىرى كەلسە، اِفْتِعَالْ نىڭ «تاء»سىنى شۇ ھەرپلەرنىڭ بىر خىلىغا يۆتكەپ، بىرىنچىسىنى ئىككىنچىسىگە كىرىشتۈرۈش توغرا. بۇ قائىدىنىڭ «مَاضِي» سىدە ئىشلىتىلىشىدە ئىختىلاپ بولسىمۇ، «مُضَارِعْ»دە ئالىملارنىڭ پىكرى بىردەك. مەسىلەن: يَقَتِّلُ، يَبَدِّلُ، يَنَصِّلُ بولۇپ ئەسلى يَقْتَتِلُ (ئۆلتۈرۈشىدۇ)، يَبْتَدِلُ (يۆتكىشىدۇ)، يَخْتَصِمُ (دۈشمەنلىشىدۇ)، يَنْتَضِلُ (ماختىنىشىدۇ). بۇ مُضَارِعْدە «فاء» ئۇدۇلىدىكى ھەرپكە زىر ھەرىكىتىنى بېرىپ يِقِتِّلُ، يِبِدِّلُ، دېيىش توغرا. قۇرئان كەرىمدە يَخِصِّمُوْنَ دەپ بار. يَخِصِّمُوْنَ يَفْتَعِلُوْنَگە باراۋەر ئەمەس، ئەسلى يَخْتَصِمُوْنَ. اِفْتِعَالْنىڭ «ع»ى ئۇدۇلىدا اِدْغَامْ ھەرپلىرىدىن «ص» كەلگەنلىكى ئۈچۈن، اِفْتِعَالْ نىڭ «تاء» سى ئۇدۇلىدىكى ھەرپنى كېيىنكى ھەرپ (ص) نىڭ بىر خىلىغا يۆتكىسەك، يَخْصَصِمُوْنَ بولىدۇ. بىر سۆزدە ئىككى ئوخشاش ھەرپ كېلىپ، ھەر ئىككىسى ھەرىكەتلىك بولغاچقا، ئالدىنقى ھەرپىنىڭ ھەرىكىتىنى ئالدىغا بەرسەك يَخَصْصِمُوْنَ، كىرىشتۈرۈش شەرتى مەۋجۇت، ئاۋۋالقى

«صْ» ساكىن، ئىككىنچى «صِ» ھەرىكەتلىك. ئاۋۋالقى «صْ»نى ئىككىنچى «صِ»غا كىرىشتۈرسەك، يَخَصِّمُوْنَ بولىدۇ. بۇنى تَفْعِيْلُ بابىدىكى يُخَصِّمُوْنَ دىن پەرقلەندۇرۇش ئۈچۈن، زىر ھەرىكىتىنى بەرسەك يَخِصِّمُوْنَ بولىدۇ.

اِحْتَسَبَ يَحْتَسِبُ اِحْتِسَابًا (كۆز تۇتماق)

اِتَّضَحَ يَتَّضِحُ اِتِّضَاحًا (روشەن بولماق)

اِتَّضَحَ نىڭ ئەسلى اِوْتَضَحَ دۇر. اِفْتِعَالْ نىڭ «فاء»سى ئۈدۈلىدا «ۋاۋ» كەلگەنلىكى ئۈچۈن، «تاء»قا يۆتكەلگەندىن كېيىن ئىككى «تاء» بىر - بىرىگە كىرىشتۈرۈلۈپ اِتَّضَحَ بولغان.)

(يَتَّضِحُ نىڭ ئەسلى يَوْتَضِحُ دۇر. اِفْتِعَالْ نىڭ «فاء»سى ئۈدۈلىدا «ۋاۋ» كەلگەنلىكى ئۈچۈن «تاء»قا يۆتكىلىپ يَتْضَحُ بولىدۇ، ئىككى «تاء» بولىدۇ، ئىككى «تاء» بىر ـ بىرىگە كىرىشتۈرۈلۈپ، يَتَّضِحُ بولىدۇ.)

اِتَّسَرَ يَتَّسِرُ اِتِّسَارًا — اِيْتِسَارًا (ئاسان بولماق)

(اِعْلاَلٌ ى اِتَّضَحَ يَتَّضِحُ غا ئوخشاش.)

اِتَّقَى يَتَّقِي اِتِّقَاء (ھەزەر قىلماق، خۇدادىن قورقماق) (ئۇلارنىڭ ئەسلى اِوْتَقَيَ يَوْتَقَيُ دۇر).

اِتِّقَاءً (ئەسلى اِوْتِقَايًا. اِفْتِعَالْ نىڭ «فاء» سى ئۈدۈلىدا «ۋاۋ» كەلگەنلىكى ئۈچۈن، ئۇنى «تاء»قا يۆتكەپ، «تاء»نى «تاء»قا كىرىشتۈرسەك اِتِّقَايًا بولىدۇ. زىيادە «ئەلىف» تىن كېيىن «ياء» كەلگەنلىكى ئۈچۈن، «ياء» نى هَمْزَة گە يۆتكىسەك اِتِّقَاءً بولىدۇ.)

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



**5) اِنْفَعَلَ يَنْفَعِلُ بابى (خَامِسُهَا اِنْفَعَلَ يَنْفَعِلُ)**

هَمْزَةٌ وَصْلِيَّةٌ بىلەن بىر «نُون» زىيادە قىلىنغان بۇ بابتا مَصْدَرُ «اِنْفِعَالٌ» شەكلىدە كېلىدۇ.

بۇ باب داۋاملىق پېئىلغا بويسۇنۇش مەنىسىدە كېلىدۇ. ھەم بۇ بابتا فِعْلُ لاَزِم مىساللىرى سۆزلىنىدۇ. مەسىلەن: قَطَعْتُ الشَّجَرَةَ فَانْقَطَعَ (دەرەخنى كەسكەندىم، كېسىلدى). قىسمەن ھاللاردا اَفْعَلَ مەنىسىدە كېلىدۇ. مەسىلەن: اَزْعَجْتُ الْبَابَ فَانْزَجَعَ (ئىشىكنى ئىتتەرگەندىم، ئېچىلدى.)

اِنْسَحَبَ يَنْسَحِبُ اِنْسِحَابًا (تارتىماق، تارالماق)

اِنْقَضَّ يَنْقَضُّ اِنْقِضَاضًا (قۇشلارنىڭ تۆۋەن چۈشۈشى)

اِنْجَلَى يَنْجَلِي اِنْجِلاَءً: ئېنىق بولماق.

اِنْجَلَى (ئەسلى اِنْجَلَوَ دۇر. بەشىنچى ھەرپىدە «ۋاۋ» كېلىپ، ئالدىنقى ھەرپ ھەرىكەتلىك بولغاچقا، «ۋاۋ»نى «ياء»قا يۆتكىسەك اِنْجَلَيَ بولىدۇ. بۇنىڭدا «ياء» ھەرىكەتلىك، ئۇنىڭ ئالدى زەۋەر. «ياء»نى «ئەلىف»كە يۆتكىسەك اِنْجَلَى بولىدۇ.)

يَنْجَلِيْ (ئەسلى يَنْجَلِوُ دۇر. بۇنىڭ بەشىنچى ھەرپىدە «ۋاۋ» كەلگەن ۋە ئالدى ھەرىكەتلىك پىچىسىز بولغاچقا، «ۋاۋ»نى «ياء»قا يۆتكىسەك يَنْجَلِيُ بولىدۇ. پىچ «ياء»غا ئېغىر، ئۇنى تاشلىساق يَنْجَلِى بولىدۇ.)

اِنْجِلاَءً (ئەسلى اِنْجِلاَيًادۇر. زىيادە «ئەلىف»تىن كېيىن كەلگەن «ياء»نى ھەمزىگە يۆتكىسەك اِنْجِلاَءً بولىدۇ.)

**6) اِفْعَلَّ يَفْعَلُّ بابى (سَادِسُهَا اِفْعَلَّ يَفْعَلُّ)**

هَمْزَةٌ وَصْلِيَّةٌ بىلەن بىر «لام» زىيادە قىلىنغان بۇ باب مَصْدَرٌ «اِفْعِلاَلٌ» كېلىدۇ.

بۇ باب كۆپىنچە رەڭ ۋە ئەيب - نۇقسانلارنى مۇبالىغە قىلىش ئۈچۈن كېلىپ، داۋاملىق فِعْلُ لاَزِمْ بولۇپ كېلىدۇ. اِفْعَلَّ يَفْعَلُّ ئەسلى اِفْعَلَلَ يَفْعَلِلُ بولۇپ بىر «لام» كىرىشتۈرۈلگەن. اِحْمَرَّ يَحْمَرُّ اِحْمِرَارًا (قىزىل بولماق).

اِرْعَوٰى يَرْعَوِي اِرْعِواءً: (تاشلىماق)

(اِرْعَوٰى نىڭ ئەسلى اِرْعَوَوَ دۇر. «ۋاۋ» بەشىنچى ھەرپتە كېلىپ، ئالدى ھەرىكەتلىك پىچسىز بولغاچقا، ئۇنى «ياء»غا يۆتكىسەك اِرْعَوَيَ بولىدۇ. يۆتكەلگەن ھەرىكەت سەۋەبىدىن «ياء»نى ئەلىف قا يۆتكىسەك اِرْعَوٰى بولىدۇ.)

(يَرْعَوِيْ نىڭ ئەسلى يَرْعَوِيُ دۇر. ياء قا ئېغىر، ئالدى زىر، ياءنىڭ پىچىنى تاشلىساق يَرْعَوِيُ قالىدۇ.)

### 7) اِفْعَالَّ يَفْعَالُّ بابى (سَابِعُهَا اِفْعَالَّ يَفْعَالُّ)

هَمْزَةٌوَصْلِيَّةٌ بىلەن بىر «ئەلىف» ۋە بىر «لام» زىيادە قىلىنغان بۇ باب تا مَصْدَرٌ «اِفْعِيْلاَلٌ» شەكلىدە كېلىدۇ.

بۇ باب بارلىق ھۆكۈملەردە «اِفْعِلاَلٌ» بابىغا ئوخشاش. بىراق، بۇنىڭدا مۇبالىغە ئارتۇقراقتۇر.

اِحْمَارَّ يَحْمَارُّ اِحْمِيْرَارًا (بەك قىزىل بولماق).

اِبْيَاضَّ يَبْيَاضُّ اِبْيِيْضَاضًا (بەك ئاق بولماق).

اِسْوَادَّ يَسْوَادُّ اِسْوِيْدَادًا (بەك قارا بولماق).

بۇ ئۈچ باب فِعْلُ لاَزِمْ دۇر.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com



## 8) تَفَعَّلَ يَتَفَعَّلُ بابى (ثامىنها تَفَعَّلَ يَتَفَعَّلُ)

«تاء» بىلەن «ع» زىيادە قىلىنغان بۇ بابتا مَصْدَرٌ «تَفَعُّلٌ» شەكلىدە كېلىدۇ. بۇ باب «فَعَّلَ» نىڭ تەسىرىنى قوبۇل قىلىپ كېلىدۇ. مەسىلەن: عَلَّمْتُهُ فَتَعَلَّمَ (ئۇنىڭغا ئۆگەتكەنىدىم، ئۆگىنىۋالدى).

بۇ بابتىكى پېئىللار تۆۋەندىكى مەنىلەرنى ئىپادىلەپ بېرىدۇ. (1) تَكَلُّفْ ـ كۈچلەندۈرۈش مەنىسىدە؛ مەسىلەن: تَشَجَّعَ خَالِدٌ (خالىد كۈچەپ باتۇرلاشتى). (2) پائىل پېئىلنى ئەسلى پېئىل قىلىش مەنىسىدە؛ مەسىلەن: تَوَسَّدْتُ التُّرَابَ (تۇپراقنى ياستۇق قىلدىم). (3) تەلەپ مەنىسىدە؛ مەسىلەن: تَكَبَّرَ («ئۇ» ئۇلۇغ بولۇشنى تەلەپ قىلدى).

بۇ بابتىكى يەنە مۇھىم بىر قائىدە: تَفَعُّلْ، تَفَاعُلْ، تَفَعْلُلْ بابلىرىنىڭ مُضَارِعٌ مَعْلُومٌ دا ئىككى «تاء» بىر يەرگە كەلسە، بىر «تاء»نى ئېلىپ تاشلاش ھەم تاشلىماسلىق توغرا. ئايەتتىكى «فَأَنْتَ لَه تَصَدّى، نَارًاتَلَظّى، تَنَزَّلُ الْمَلاَئِكَةُ»لارنىڭ ئەسلى شەكلى «تَتَصَدّى، تَتَلَظّى، تَتَنَزَّلُ»دۇر. بىر «تاء» بىلەن قالغاندىن كېيىن اَمْرٌ ئېلىنسا، شۇ «تاء» تاشلىنىپ فَعَّلَ ۋەزنىدە كېلىدۇ.

## 9) تَفَاعَلَ يَتَفَاعَلُ بابى (تَفَاعَلَ يَتَفَاعَلُ)

بۇ بابتا ئىككى ياكى كۆپ كىشىلەر ئارىسىدا بولغان ئىشلارنى ئىپادىلەيدىغان پېئىللار كېلىدۇ. «تاء» بىلەن «ئەلىف» زىيادە قىلىنغان بۇ بابتا مَصْدَرٌ «تَفَاعُلٌ» شەكلىدە كېلىدۇ.

بۇ بابتىكى پېئىلار تۆۋەندىكى مەنىلەرنى ئىپادىلەپ بېرىدۇ: (1) پائىلنىڭ تەسىرىنى قوبۇل قىلىش مەنىسىدە؛ مەسىلەن: **بَاعَدْتُهُ فَتَبَاعَدَ** (ئۇنى يىراق قىلغانىدىم، يىراق بولدى). (2) «**فَعَلَ**» مەنىسىدە؛ مەسىلەن: **تَوَانَيْتُ — وَنَيْتُ** (ئاجىزلاشتىم). (3) **تَكَلُّفْ** — كۆچلەندۈرۈش مەنىسىدە؛ مەسىلەن: **تَجَاهَلَ** (زورمۇ — زور نادان بولۇۋالدى). (بۇ بابتىكى «**تَكَلُّفْ**» بىلەن **تَفَعُّلْ** بابىدىكى «**تَكَلُّفْ**» ئارىسىدىكى پەرق شۇكى، بۇ بابتىكى «**تَكَلُّفْ**» بار نەرسىنى يوق كۆرسىتىش مەنىسىدە كەلگەن بولسا، «**تَفَعُّلْ**» بابىدىكى «**تَكَلُّفْ**» يوق نەرسىنى بار كۆرسىتىشنى كۆچلەندۈرۈش مەنىسىدە كېلىدۇ). (4) «**فَاعَلَ**» بابىدىكى ئىككى مەپئۇلغا كۆچى يېتىدىغان پېئىل «**تَفَاعَلَ**» بابىغا ئۆزگەرتىلسە، بىر مەپئۇلغا كۆچى يېتىدۇ. مەسىلەن: **نَازَعَ زَيْدٌ عَمْرًالْحَدِيْثَ**نى بۇ بابقا كەلتۈرگەندە **تَنَازَعَ زَيْدٌعَمْرُاَلْحَدِيْثَ** دېيىلىدۇ.

بۇ بابتىكى مۇھىم قائىدىلەر: (1) «**اِفْتِعَالْ**» بابلىرىدا مىسال كەلتۈرۈلگەن ھەرپلەردىن بىرسى بۇ «**تَفَعُّلْ**» بابى بىلەن «**تَفَاعُلْ**» بابلىرىدا «**فَاء**» نىڭ ئۇدۇلىدا كەلسە، «تاء»نى شۇ ھەرپلەرنىڭ خىلىغا **يۆتكەپ**، بىرىنى يەنە بىرى بىلەن كىرىشتۈرۈش توغرا. بىراق ساكىن بىلەن باشلاش مۇمكىن بولمىغاچقا، ئالدىغا زىرلىك ھەمزىنى كەلتۈرۈش كېرەك. مەسىلەن: **تَطَهَّرَ، تَزَيَّنَ** لەرنى **اِطَّهَّرَ، اِزَّيَّنَ** قىلىشقا بولىدۇ، **تَدَارَكَ، تَثَاقَلَ**لەرنى **اِدَّارَكَ، اِثَّاقَلَ** قىلىشقا بولىدۇ. **اِطَّهَّرَ** نىڭ ئەسلى **تَطَهَّرَ**دۇر. **تَفَعَّلَ**نىڭ «فاء»سى ئۇدۇلىدا «ط» كەلگەن. **تَفَعُّلْ** نىڭ

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى



تاء سى ئۆزۈلىدىكى ھەرپىنى «ط»غا يۆتكىسەك طَطَهَّرَ بولىدۇ. بۇنىڭدا ئاۋۋالقى «ط»نىڭ ھەرىكىتىنى تاشلىغاندىن كېيىن ساكىن بىلەن باشلاش تەس بولغاچقا، ئالدىغا زىرلىك ھەمزىنى كەلتۈرسەك اطْطَهَّرَ بولىدۇ. «ط» نى «ط» غا كىرىشتۈرسەك اطَّهَّرَ بولىدۇ. (2) «تَفَاعُلْ، تَفَعُّلْ» بابلىرىنىڭ «فاء»ى ئۆزۈلىدا اِدْغَامْ ھەرپلىرىدىن بىرى كەلسە، «تاء» ئۆزۈلىدىكى ھەرپىنى ساكىن قىلىش ھەم «تاء» ئۆزۈلىدىكى ھەرپىنى «فاء» ئۆزۈلىدىكى ھەرپكە اِدْغَامْ قىلىش، ئالدىغا زىرلىك ھەمزىنى كەلتۈرۈش توغرا. اِدْغَامْ ھەپلىرى «اِفْتِعَالْ» بابىدىكى «د، ذ، ر، ز، س، ش، ص، ض، ط، ظ، ت» قاتارلىق ئون بىر ھەرپتۇر. مەسىلەن: اِدَّارَكَ نىڭ ئەسلى تَدَارَكَ دۇر. «تَفَاعَلَ»نىڭ «فاء»سى ئۆزۈلىدا اِدْغَامْ ھەرپلىرىدىن «د» كەلگەن. «تاء»نى شۇ «د»نىڭ خىلىغا يۆتكەپ، ئاندىن «د»نى «د»غا كىرىشتۈرىمىز ئاندىن ساكىن بىلەن باشلاش تەس بولغاچقا، ئالدىغا زىرلىق ھەمزىنى كەلتۈرسەك اِدَّارَكَ بولىدۇ.

تَدَارَكَ يَتَدَارَكُ تَدَارُكًا (تاپماق، يىغلىماق)

تَصَامَّ يَتَصَامُّ تَصَامُمًا (گاس بولۇۋالماق)

(تَصَامَّ يَتَصَامُّ لارنىڭ ئەسلى - تَصَامَمَ، يَتَصَامَمُ دۇر. ئىككى ئوخشاش ھەرپ بىر سۆزدە كەلگەنلىكى ئۈچۈن ئالدىنقى «م»نىڭ ھەرىكىتىنى تاشلاپ، بىرىنچى «م» نى ئىككىنچى «م»غا كىرىشتۈرسەك، تَصَامَّ، يَتَصَامُّ بولىدۇ.)

تَصَامُمًا (گاس بولۇۋالماق)

تَجَاوَبَ يَتَجَاوَبُ تَجَاوُبًا (جاۋابلاشماق)
تَزَايَدَ يَتَزَايَدُ تَزَايُدًا (ئارتۇق بولماق)
تَدَاوٰى يَتَدَاوٰي تَدَاوُيًا (داۋالىماق)

## 10) اِسْتَفْعَلَ يَسْتَفْعِلُ بابى (عَاشِرُهَا اِسْتَفْعَلَ يَسْتَفْعِلُ)

هَمْزَةُ وَصْلِيَّةٌ بىلەن «س» ۋە «تاء» زىيادە قىلىنغان بۇ بابتا مَصْدَرٌ «اِسْتِفْعَالٌ» شەكلىدە كېلىدۇ.

بۇ باب ئەسلى يېئىل بىلدۈرگەن ھەرىكەتنى تەلەپ قىلىش مەنىسىدە كېلىدۇ. مەسىلەن: اِسْتَخْرَجْتُ زَيْدًا (زەيدنىڭ چىقىشىنى تەلەپ قىلدىم).

بىر نەرسىنىڭ بىر تۈرلۈك سۈپەت ئىچىدە ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەش مەنىسىدە كېلىدۇ. مەسىلەن: اِسْتَكْبَرْتُ عُمَرَ (ئۆمەرنى ناھايىتى سالاپەتلىك ھالدا تاپتىم).

يەنە پائىلنىڭ ئەسلى پېئىلغا ئايلىنىشى مەنىسىدىمۇ كېلىدۇ. مەسىلەن: اِسْتَحْجَرَ الطِّيْنُ (لاي تاشقا ئايلاندى).

بۇ بابتىكى يەنە مۇھىم بىر قائىدە: اِسْتَفْعَلَ «فاء»ى ئۇدۇلىدا «ط»كەلسە، اِسْتَفْعَلَ نىڭ «تاء»سى ئۇدۇلىدىكى «تاء»نى تاشلاش توغرا. مەسىلەن: فَمَاسْطَاعُوْا، تَسْطِعْ عَلَيْهِ صَبْرًا. بۇلارنىڭ ئەسلى فَمَا سْتَطَاعُوْا، تَسْتَطِعْ عَلَيه صَبْرًا دۇر.

اِسْتَخْرَجَ يَسْتَخْرِجُ اِسْتِخْرَاجًا (چىقىشنى تەلەپ قىلماق)
اِسْتَوْجَبَ يَسْتَوْجِبُ اِسْتِيْجَابًا (لايىق بولماق)
اِسْتَجَابَ يَسْتَجِيْبُ اِسْتِجَابَةً (ئىجاۋەت قىلماق، جاۋاب بەرمەك)

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com



(ئەسلى اِسْتِجْوَابًا دۇر. «ۋاۋ»نىڭ ھەرىكىتىنى ئالدىغا بەرگەندىن كېيىن «ۋاۋ» ساكىنلىق بولىدۇ. ئۇنىڭ ھەرىكىتىنى حَرْفُ مَدّ بولغان «ئەلىف»كە يۆتكەپ، يۆتكەلگەن ھەرىكەت مۇناسىۋىتى بىلەن «ۋاۋ»نى ئەلىفقا يۆتكىسەك اِسْتِجْاْابًا بولىدۇ. بۇنىڭدا ئىككى «ئەلىف» ئارىسىدا ئىككى ساكىن بىرگە كېلىپ قالغاچقا بىر «ئەلىف»نى يوقاتساق اِسْتِجَابًا بولىدۇ. يوقالغان «ئەلىف»تىن كېيىن «تَاءُ مَصْدَرٍ»نى ئارىيەت ئالساق اِسْتِجَابَةً بولىدۇ.)

اِسْتَبَاعَ يَسْتَبِيعُ اِسْتِبَاعًا (سېتىشنى تەلەپ قىلماق)

**11) اِفْعَوْعَلَ يَفْعَوْعِلُ بابى (حَادِى عَشَرُهَا اِفْعَوْعَلَ يَفْعَوْعِلُ)**

«هَمْزَةٌ، ۋاۋ، ع» زىيادە قىلىنغان بۇ بابتا مَصْدَرٌ «اِفْعِيْعَالٌ» شەكلىدە كېلىدۇ ھەم بۇ باب مۇبالىغە مەنىسىدە كېلىدۇ.

اِحْدَوْدَبَ يَحْدَوْدِبُ اِحْدِيْدَابًا (بەك ئېگىشىپ قالماق)

اِعْرَوْرَى يَعْرَوْرِيْ اِعْرِيْرَاءً (ئات ئۈستىدە يالىڭاچ ئولتۇرماق)

**12) اِفْعَوَّلَ يَفْعَوِّلُ بابى (ثَانِي عَشَرُهَا اِفْعَوَّلَ يَفْعَوِّلُ)**

هَمْزَةٌ وَصْلِيَّةٌ بىلەن ئىككى «ۋاۋ» زىيادە قىلىنغان بۇ بابتا مَصْدَرٌ «اِفْعِوَّالٌ» شەكلىدە كېلىدۇ ھەم بۇ بابمۇ مۇبالىغە مەنىسىنى بىلدۈرىدۇ، بۇ ھەم فِعْلُ لاَزِم دۇر.

اِجْلَوَّزَ يَجْلَوِّزُ اِجْلِوَّازًا (تۆگىنىڭ ئالدىراپ مېڭىشى)

**3. ئەسلى تۆت ھەرپلىك پېئىل (اَلْفِعْلُ الرُّبَاعِيُّ الْمُجَرَّدُ)**

فَعْلَلَ يُفَعْلِلُ بابى (هِيَ فَعْلَلَ يُفَعْلِلُ).

بۇ بىر بابتۇر.

دَحْرَجَ يُدَحْرِجُ دَحْرَجَةً دِحْرَاجًا (يۇمۇلىماق)

صَرْصَرَيُصَرْصِرُصَرْصَرَةًصِرْصَارًا (گۈركىرىمەك ،شامالنىڭ،)

## 4. تۆتتىن ئارتۇق ھەرپلىك پېئىل (اَلْفِعْلُ الرُّبَاعِيُّ الْمَزِيْدُ)

بۇ ئۈچ بابتۇر.

### 1) تَفَعْلَلَ يَتَفَعْلَلُ بابى (اَحَدُهَاتَفَعْلَلَ يَتَفَعْلَلُ)

«تاء» زىيادە قىلىنغان بۇ بابتا مَصْدَرٌ «تَفَعْلُلٌ» شەكلىدە كېلىدۇ.

بۇ ئۈچ باب .

فِعْلُ لاَزِمٍ بولۇپ، «فَعْلَلَ»نىڭ تەسىرىنى قوبۇل قىلىدۇ. مەسىلەن: دَحْرَجْتُهُ فَتَدَحْرَجَ (ئۇنى يۇملاتقانىدىم، يۇملاپ كەتتى).

تَدَحْرَجَ يَتَدَحْرَجُ تَدَحْرُجًا (چۆرگىلىمەك).

تَصَلْصَلَ يَتَصَلْصَلُ تَصَلْصُلاً (تۆمۈر ئاۋازى).

### 2) افْعَنْلَلَ يَفْعَنْلِلُ بابى (ثَانِيْهَا افْعَنْلَلَ يَفْعَنْلِلُ)

هَمْزَةٌ ۋە بىر «نُون» زىيادە قىلىنغان بۇ بابتا مَصْدَرٌ «افْعِنْلاَلٌ» شەكلىدە كېلىدۇ.

بۇ بابمۇ «فَعْلَلَ»نىڭ تەسىرىنى قوبۇل قىلغاندۇر. مەسىلەن: حَرْجَمْتُ الاِبْلَ فَاحْرَنْجَمَتْ (تۆگىنى يىغقانىدىم، يىغىلدى).

ابْرَنْشَقَ يَبْرَنْشِقُ ابْرِنْشَاقًا (دەرەخنىڭ چېچەكلىشى)

### 3) افْعَلَلَّ يَفْعَلِلُّ بابى (ثَالِثُهَا افْعَلَلَّ يَفْعَلِلُّ)

هَمْزَةٌ ۋە بىر «لام» زىيادە قىلىنغان بۇ بابتا مَصْدَرٌ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



«اِفْعِلْلاَلٌ» شەكلىدە كېلىدۇ.

اِقْشَعَرَّ يَقْشَعِرُّ اِقْشِعْرَارًا (قورقۇنچتىن تىترىمەك)

ئاخىرقى بىر قانچە مۇھىم قائىدىلەر:

(ئەگەر كۆپلۈك ساندىكى ئىسىمنى) «ئەلىف ۋە لام» بار ئىسىمغان قوشقاندا لَفْظ دە «واو» ۋە «نۇن» پۈتۈنلەي چۈشۈپ قالىدۇ. مەسىلەن: «جَاءَنِى صَـــالِحُوالْقَوْمِ» دەپ، «واو»نى خەتتە

www.uyghurkitap.com



قويۇپ، لَفْظ تاشلىۋېتىلىدۇ. شۇنىڭدەك «ياء» ۋە «نۇن»نى لَفْظ دە تاشلىۋېتىپ، خەتتە «ياء» قالدۇرۇپ قويۇلىدۇ. مەسىلەن: «رَأَيْتُ صَالِحِي الْقَوْمِ وَ مَرَرْتُ بِصَالِحِي الْقَوْمِ».

## 16. مۇئەننەس ئىسىم

ئىسىمنى مُؤَنَّثٌ (ئاياللىق جىنس) تۈرىگە ئايلاندۇرماقچى بولغاندا ئۇنىڭ ئاخىرىغا ئالدى زەۋەرلىك «تاء» قوشۇۋالىدۇ. مەسىلەن: «صَالِحٌ» دە «صَالِحَةٌ» «مُسْلِمٌ»دە «مُسْلِمَةٌ» دېيىلىدۇ. «تَاءُالتَّأْنِيث» (يەنى ئاياللىق جىنس تۈرىنىڭ «تاء»سى) ئىككى نەرسە ئارقىلىق ئايرىلىدۇ، بىرىنچىسى، «تاء»نىڭ ئالدى زەۋەرلىك بولۇش. ئىككىنچىسى، توختىغاندا «تاء»نىڭ «هاء»غا يۆتكىلىشىدۇر. مەسىلەن: «مُسْلِمَةٌ»دە «مُسْلِمَهْ» «صَالِحَةٌ»دە «صَالِحَهْ» دېيىلىدۇ.

## 17. مۇئەننەسلىكنى بىلدۈرىدىغان سان

ئۈچتىن ئونغىچە بولغان سانلارنى مؤنث (ئايال جىنسلىق) قىلىشتا ئۇلارنى ئىسىملارنى مؤنث قىلىش قائىدىسىگە قارشى ھالدا مؤنث قىلىنىدۇ. مەسىلەن: «ثَلاَثُ نِسْوَةٍ» «وَأَرْبَعُ نِسْوَةٍ» «عَشْرُ نِسْوَةٍ». بۇنىڭدا تَأْنِيثٌ نىڭ تاء تاشلىنىۋېتىلىدۇ. مُذَكَّرٌ دە قوشۇلىدۇ. مەسىلەن: «ثَلَثَةُ رِجَالٍ» «أَرْبَعَةُ رِجَالٍ» «عَشَرَةُ رِجَالٍ».

ئوندىن ئاشقاندا مُؤَنَّثٌ دە تاء تاشلىنىپ ئىككىنچىدە تاء قوشۇلىدۇ. مەسىلەن:«إِحْدَى عَشَرَةَ إِمْرَأَةً»، «إِثْنَتَا عَشَرَةَ إِمْرَأَةً»،

«تِسْعَ عَشَرَةَ إمْرَأَةً». مُـذَكَّرْ ده سان ئۇندىن ئاشقاندىن كېيىن بىرىنچىسىدە تاء تۇرغۇزۇلۇپ، ئىككىنچىسىدە ئېلىپ تاشلىنىدۇ. مەسىلەن: «اَحَدَ عَشَرَ رَجُلاً، اِثْنَا عَشَرَ رَجُلاً» «ثَلَثَةَ عَشَـرَ رَجُـلاً». دەرىجە سانلاردا مۇنداق دېيىلىدۇ: «أَلأَوَّلُ» (مۇزەككەر) «أَلأُولَـى» (مۇئەننەس) «وَالثَّانِي وَالثَّانِيَةُ وَالثَّالِثُ وَالثَّالِثَةُ» ۋە «اَلْعَاشِرُ وَالْعَاشِرَةُ». دەرىجە سان ئۇندىن ئاشقاندا ئەسلى قائىدە بويىچە مُذَكَّرْ دە تـاء تاشلىنىپ، مُؤَنَّثْ دە تاء ساقلىنىپ قالىدۇ. مەسىلەن:

«اَلْحَادِيْ عَشَرَ» «وَالْحَادِيَةُ عَشَرَةَ»
«وَالثَّانِي عَشَرَ وَالثَّانِيَةُ عَشَرَةَ
وَالثَّالِثَ عَشَرَ» «وَالثَّالِثَ عَشَرَةَ»
«اَلتَّاسِعَ عَشَرَ اَلتَّاسِعَةَ عَشَرَةَ».

## 18. مۇئەننەس ئىسىملار

مُؤَنَّثْ تۇردىكى ئىسىملار ئىچىدىن قىسمەن ئىسىملار بار بولۇپ، بۇنىڭدا مُؤَنَّـثْ نىڭ ئالامىتى ئاشكارا بولمايدۇ. ئۇلار تۆۋەندىكىچە:

اَلْعَيْنُ (كۆپ خىل مەنىسى بار) كۆز

| | | | |
|---|---|---|---|
| اَلنَّفْس | ج | اَنْفُسُ | (جان، ئۆزى، نەپس) |
| اَلْكَبِدُ | ج | اَكْبَادٌ | (جىگەر) |
| اَلْكَرِشُ | ج | اَكْرَاشٌ | (ئۈچەي) |
| اَلْقَدَمُ | ج | اَقْدامٌ | (پۇت ئالىقىنى) |

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



| | | | |
|---|---|---|---|
| اَلسَّاقُ | ج | سُوْقٌ | (پاچاق) |
| اَلْيَدُ | ج | اَيْدٍ | (قول) |
| اَلرِّجْلُ | ج | اَرْجُلٌ | (پۇت) |
| اَلْكَفُّ | ج | اَكُفٌّ | (ئالىقان) |
| اَلْفَخْذُ | ج | اَفْخَاذٌ | (يوتا) |
| اَلسِّنُّ | ج | سِنَانٌ | (چىش) |
| اَلْقِدْرُ | ج | قُدُورٌ | (قازان) |
| اَلْقَوْسُ | ج | اَقْوَاسٌ | (ياچاق) |
| اَلْبَغْلُ | ج | بِغَالٌ | (قېچىر، خېچىر) |
| اَلنَّارُ | ج | نِيرَانٌ | (ئوت) |
| اَلدَّارُ | ج | دُوْرٌ | (ئۆي، ھويلا) |
| اَلْبِئْرُ | ج | اَبَارٌ | (قۇدۇق) |
| اَلْفَرَسُ | ج | اَفْرَاسٌ | (ئات) |
| اَلْإِبْلُ | ج | اِبَالٌ | (تۆگە) |
| اَلْغَنَمُ | ج | غُنُوْمٌ | (قوي) |
| اَلْخَيْلُ | ج | خُيُوْلٌ | (ئايغىر ئات) |
| اَلْبَعِيْرُ | ج | بُعْرَانٌ | (بوغرا، ئەركەك تۆگە) |
| كَاْسٌ | ج | كُؤُوْسٌ | (پىيالە) |
| اَلشَّمْسُ | ج | شُمُوْسٌ | (قۇياش) |
| اَلرِّيْحُ | ج | رِيَاحٌ | (بوران، شامال) |
| اَلسَّمَاءُ | ج | لَسَّمَاوَاتُ | (ئاسمان) |
| اَلْأَرْضُ | ج | اَرَاضٌ | (يەر، زېمىن) |

اَلْعَقْرَبُ ج عَقَارِبُ (چايان)

اَلْأَرْنَبُ ج اَرَانِبُ (توشقان)

اَلْيَمِيْنُ ج اَيامِنُ (گەز، مېتىر)

اَلذِّرَاعُ ج اَذْرُعٌ (پاچاق <ھايۋانلارنىڭ>)

اَلْكُرَاعُ ج اَكْرُعٌ (چوت)

اَلْقَدُوْمُ ج قُدُمٌ (بۆركۆت)

اَلْعُقَابُ ج عِقْبَانٌ (سېمىز تۆگە)

اَلْجَزُوْرُ ج اَلْجَزَائِرُ (سېمىز تۆگە)

مُوسَى الْحَدِيْدِ (تۆمۈر ئۇستىرا)

مۇزەككەر ۋە مۇئەننەس قىلىپ قوللىنىشقا بولىدىغان ئىسىملارمۇ بار.

اَلْهُدَى (<توغرا> يول)

اَلْقَفَاءُ (گەردەن ئاستى تەرىپى)

اَمَتْنُ (قاتتىق يەر)

اَلْعُنُوْقُ (گەردەن)

اَلسُّلَّمُ (شوتا، پەلەمپەي)

دِرْعُ الْحَدِيْدِ (ساۋۇت)

اَلسُّوْقُ (بازار)

اَللِّسَانُ (تىل)

اَلسُّلْطَانُ (پادىشاھ، خاقان)

اَلصِّرَاطُ (يول، تۈز يول)

اَلسَّبِيْلُ (يول)

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



| | |
|---|---|
| اَلطَّرِيْقُ | (يول، ئۇسۇل) |
| اَلذُّنُوْبُ | (مول نېسىۋە، تولۇق، |
| قوۋزۇق (هايۋانلارنىڭ) ) | |
| اَلسِّلاَحُ | (قورال ـــ ياراغ) |
| اَلْمَنُوْنُ | (مىننەت) |
| اَلْقَوْمُ | (قەۋم، مىللەت، خەلق) |
| اَلْحَرْبُ | (ئۇرۇش، جەڭ) |
| اَلطَّاغُوتُ | (شەيتان) |

## 19. مۇئەننەس جىنستىكى كۆپلۈك ئىسىم

مُؤَنَّثٌ ئىسىمنى جَمْعُ السَّلاَمَة (ساغلام كۆپلۈك) شەكلىدە جەمئىي قىلغان ۋاقىتتا ئاخىرىغا «ئەلىف ۋە تاء» قوشۇلىدۇ. مەسىلەن: «مُسْلِمَاتٌ وَصَالِحَاتٌ». بۇنىڭ «تاء» رَفْعُ هالەتتە پېش، نَصْبُ ۋە جَرٌّ هالەتتە زىر ئوقۇلىدۇ. مەسىلەن: «جَاءَنِي مُسْلِمَاتٌ وَ رَأَيْتُ مُسْلِمَاتِ وَ مَرَرْتُ بِمُسْلِمَاتِ».

## 20. كۆپلۈك ئىسىم

«فَعْلَةٌ» ۋەزنىدىكى ئىسىم سۈپەت بولماي كەلسە، ئۇلارنى «ئەلىف ۋە تاء» بىلەن جَمْعُ (كۆپلۈك) كە ئايلاندۇرغاندا ئۇنىڭ «عين» ئۇدۇلىدىكى ھەرپكە ھەرىكەت بېرىلىدۇ. مەسىلەن: «تَمْرَةٌ – تَمَرَاتٌ وَ رَكْعَةٌ – رَكَعَاتٌ». ئەگەر «فعلة» ۋەزنىدىكى ئىسىم سۈپەت بولغاندا (ئۇنى «ئەلىف ۋە تا» بىلەن جەمئىي قىلغاندا)

ئۇنىڭ «عين» ئۇدۇلىدىكى ھەرپ ساكىن ھالەتتە قالدۇرۇلىدۇ. مەسىلەن: «عَيْلاَتٌ وَضَخْمَاتٌ». شۇنداقلا «فَعْلَةٌ» ۋەزنىدىكى ئىسىم سۈپەت بولمىسىمۇ «عَيْن» ئۇدۇلىدىكى ھەرپ حَرْفُ عِلَّة (كېسەل ھەرپ) بولسا، (ئۇ ھەرپ ساكىن) ئوقۇلىدۇ. مەسىلەن: «بَيْضَةٌ وَ جَوْزَةٌ»لارنى («ئەلىف ۋە تا» بىلەن جەمئىي قىلغاندا) «بَيْضَاتٌ وَ جَوْزَاتٌ» دېيىلىدۇ. ئىسىم بىلەن سۈپەت ئارىسىدا پەرق يوق. مەسىلەن: «بَيْضَةٌ» ۋە «عَيْلَةٌ»دەك (دېمەك «بَيْضَةٌ» «فَعْلَةٌ» ۋەزنىدە كەلگەن ئىسىم يەنى تۇخۇم دېگەنلىكتۇر، «عَيْلَةٌ» «فَعْلَةٌ» ۋەزنىدە كەلگەن سۈپەت يەنى، ئورۇق، سېمىز ئەمەس دېگەنلىكتۇر، بۇ ۋەزىندىكى «عَيْن» ئۇدۇلىدا حَرْفُ عِلَّة بولغانلىقتىن بۇلارنى جەمئىي قىلغاندا ئىسىم بىلەن سۈپەت ئارىسى ئايرىلماستىن بىرخىل ساكىنلىك ئوقۇلىدۇ).

## 21. پارچە كۆپلۈك ئىسىم

ھەرقانداق جَمْعُ مُكَسَّرٌ (پارچە كۆپلۈك) نى مُذَكَّرٌ ۋە مُؤَنَّثٌ ھالەتتە كەلتۈرۈش توغرا بولىدۇ، ئۇ جَمْعُ مُذَكَّرٌ ياكى جَمْعُ مُؤَنَّثٌ بولسىمۇ ئۇنىڭ ئالدىدا پېئىل كەلسىلا بولىدۇ. مەسىلەن: «جَاءَ الرِّجَالُ وَ جَآءَ النِّسَاءُ وَجَاءَتِ الرِّجَالُ وَجَاءَتِ النِّسَاءُ».

## 22. تونۇش ۋە ناتونۇش ئىسىم (تەكرار)

پىچ ئوقۇلغان ئىككى ئىسىمنى تىلغا ئالغان ۋاقىتتا، ئىككى ئىسىمنىڭ بىرىنچىسى مَعْرِفَةٌ (تونۇش) ئىسىمدۇر،

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى www.uyghurkitap.com



ئىككىنچىسى نَكِرَةٌ (ناتونۇش) ئىسىمدۇر. نكرة ئىسىم معرفة دىن خەۋەر بېرىدۇ. مەسىلەن: «زَيْدٌ ذَاهِبٌ وَ عَمْرٌو خَارِجٌ». بىرىنچى ئىسىم «مُبْتَدَءٌ» (يەنى ئىگە)، ئىككىنچى ئىسىم خەۋەر دەپ ئاتىلىدۇ

## 23. سۈپەت ۋە سۈپەتلەنگۈچى ئىسىم

سۈپەت دېگەن سۈپەتلەنگۈچىگە مُذَكَّرٌ، مُؤَنَّث، مُفْرَدٌ (يەككە)، تَثْنِيَةٌ، جَمْعٌ، مَعْرِفَةٌ، نَكِرَةٌ ۋە ئۈچ ھەرىكەت (يەنى پەش، رەۋەر، زەبەر) قاتارلىقلاردا ئوخشاشتۇر. مەسىلەن: «جَاءَنِي رَجُلٌ صَالِحٌ وَ رَجُلَانِ صَالِحَانِ وَ رِجَالٌ صَالِحُونَ وَ جَاءَتْنِي إِمْرَأَةٌ صَالِحَةٌ وَ امْرَأَتَانِ صَالِحَتَانِ وَ نِسَاءٌ صَالِحَاتٌ وَالرَّجُلُ الصَّالِحُ وَالإِمْرَأَةُ الصَّالِحَةُ وَ جَاءَنِي رَجُلٌ صَالِحٌ وَرَأَيْتُ رَجُلاً صَالِحًا وَ مَرَرْتُ بِرَجُلٍ صَالِحٍ».

«يَاابْنَ زَيْدِ الْكَرِيمِ»دە ئەگەر «الْكَرِيمِ» دېگەن سۈپەتنى «إِبْنِ» ئۈچۈن سۈپەت قىلغاندا «الْكَرِيمُ» زەۋەر ئوقۇلىدۇ. ئەگەر ئۇنى «زَيْدٌ» غا سۈپەت قىلغاندا «الْكَرِيمِ» زىر ئوقۇلىدۇ. شۇنىڭدەك «هٰذَا أَبُوْ عَبْدِاللهِ الْكَرِيمُ»دە «الْكَرِيمُ» پەش ئوقۇلىدۇ. چۈنكى ئۇ «عَبْدِاللهِ» قا سۈپەت قىلىنماي «أَبُوْ» غا سۈپەت قىلىنغان. يۇقىرىقىلارغا ئوخشاش سۈپەتلەنگۈچى قايسى إِعْرَابْ تا بولسا، سۈپەتلىگۈچىمۇ شۇ إِعْرَابْ تا ئوقۇلۇشى لازىم.

## 24. قىسقارتىلغان ۋە سوزۇلغان ئىسىم

ئىسىمنىڭ ئاخىرىدا اَلِفٌ مَقْصُوْرَةٌ (قىسقارغان ئەلىف) بار بولسا. مەسىلەن: «حُبْلَى، بُشْرَى عَصَى رَحَى»دەك ئۇ اَلِفٌ مَقْصُوْرَةٌ

دېيىلىدۇ. ئەگەر «ئەلىف»تىن كېيىن هَمْـــزَةٌ كەلسە، مەسىلەن: «صَحْرَآءُ وَحَمْرَآءُ»دەك ئۇ مَمْدُوْدٌ (سوزالغان) ئەلىف دېيىلىدۇ.

## 25. خاس ئىسىم

اَلإِسْـــمُ الْعَلَـــمُ (خاس ئىسىم) غا «ألـــف ولام» كىرمەيدۇ. مەسىلەن: «زَيْـــدٌ وَ عَمْـــرٌو وَ هِنْـــدٌ وَ رَعْـــدٌ». ئەرلەر ۋە ئاياللار ئىسىملىرىنىڭ كۆپىنچىسى تَثْنِيَةُ ياكى جَمْعُ گە جَمْـــعُ السَّـــلامَة (ساغلام كۆپلۈك) شەكلىدە ئايلاندۇرۇلسا، مَعْرِفَـــةُ ئىسىمغا ئۆزگەرتىش ئالدىدا «ألـــف و لام» كىرىدۇ. مەسىلەن: «اَلزَّيْـــدَانِ وَالزَّيْدُوْنَ» وَ «اَلْهِنْدَانِ وَالْهِنْدَاتُ».

## 26. تەۋەلىك ئىسىم

مەلۇم ئىســـمنى بىـــرەر نەرسىگـــە تـــەۋە قىلغانـــدا ئـــۇنىڭ ئاخىرىغا ئالدى زىرلىك، تەشدىدلىك «ياء» قوشۇلىدۇ. مەسىلەن: «بَلَدٌ» (شەھەر) گـە تـەۋە قىلغانـدا «بَلَـــدِيٌّ»، «مِصْـــرَ» (شەھەر ئىسمى) گـە تـەۋە قىلغانـدا «مِصْـــرِيٌّ» دېيىلىدۇ. «اَلْبَصْـــرَةُ وَالْكُوْفَةُ»دەك ئىسىمغا تەۋە قىلغاندا «تَـــاءُ التَّأْنِيْـــثِ» (ئاياللىق جىنس) تۈرىنىڭ «تـــاء» سىنى تاشلىۋېتىش زۆرۈر. مەسىلەن: «بَصْرِيٌّ وَ كُوْفِيٌّ».

## 27. تەۋەلىك ئىسىمنىڭ كۆپلۈكى

كۆپلۈك ئىسىمغا تـەۋە قىلىش تـوغرا بولمايدۇ. مەسىلەن:

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



«فَرَائِضِيٌّ صَحَائِفِيٌّ» دېيىلمەيدۇ. پەقەت يەككە ئىسمىغىلا (ئالدى بىلەن يەككە ھالەتكە كەلتۈرۈپ ئاندىن) تەۋەلىك نىسبەت بېرىلىدۇ، شۇنىڭ بىلەن «فَرْضِيٌّ وَ صُحُفِيٌّ» دېيىلىدۇ.

## 28. كىچىكلىتىلگەن ئىسىم

مەلۇم بىر ئىسىمنى كىچىكلەتمەكچى بولغاندا، ئەگەر ئۇ ئۈچ ھەرپلىك بولسا ئۇنى فُعَيْلٌ ۋەزنى بىلەن كىچىكلىتىش كېرەك. مەسىلەن: «فَلْسٌ» — «فُلَيْسٌ». ئەگەر ئىسىم تۆت ھەرپلىك بولسا ئۇنى فعيلل ۋەزنى بىلەن كىچىكلىتىش كېرەك. مەسىلەن: «دِرْهَمٌ» — «دُرَيْهِمٌ».

ئەگەر ئىسىم بەش ھەرپلىك بولسا ئۇنى فُعَيْلِيْلٌ ۋەزنى بىلەن كىچىكلىتىش كېرەك. مەسىلەن، «دِيْنَارٌ» — «دُنَيْنِيْرٌ».

## 29. كۆپلۈك سانىنى كىچىكلىتىش

كۆپلۈك ئىسىمنى كىچىكلەتمەكچى بولغاندا، ئۇنى بىرلىككە قايتۇرۇپ ئاندىن كىچىكلىتىپ ئۇنى «ألف و تاء» بىلەن جەمئىي قىلىش كېرەك. مەسىلەن: «مَسَاجِدُ وَ دَرَاهِمُ»نى كىچىكلىتىشتە «مُسَيْجِدَاتٌ وَ دُرَيْهِمَاتٌ» دېيىلىدۇ. جَمْعُ الْقِلَّةِ (ئاز ـ كۆپلۈك) نى كىچىكلىتىش ئۇسۇلى بۇنىڭغا ئوخشىمايدۇ. ئۇنى يەككە ئىسىمنى كىچىكلەتكەندەك كىچىكلىتىلىدۇ. مەسىلەن: «اَفْلُسٌ وَاَجْمَالٌ وَاَلْسِنَةٌ وَغِلْمَةٌ»نى كىچىكلىتىشتە «اُفَيْلِسٌ وَاُجَيْمَالٌ وَاُلَيْسِنَةٌ وَغُلَيْمَةٌ» دېيىلىدۇ.

## 30. ئاخىرى ساكىنلىق ئىسىم

ھەرقانداق تەنۋىنسىز ئىسىمنى توختاتماقچى بولغاندا ئۇنىڭ ئاخىرىنى ساكىنلىق قىلىش لازىم. مەسىلەن: «جَاءَنِي أَحْمَدْ وَالرَّجُلْ وَرَأَيْتُ أَحْمَدْ وَالرَّجُلْ وَ مَرَرْتُ بِأَحْمَدْ وَالرَّجُلْ»

ئەگەر ئۇ ئىسىم تەنۋىنلىك بولسا، رَفْعُ ۋە جَرّ ھالەتتە تەنۋىن ۋە ھەرىكەتنى تاشلىۋېتىش كېرەك. نَصْبُ ھالەتتە تاشلىۋەتمەي تەنۋىن ئەلىفى بىلەن ئالماشتۇرۇلىدۇ. مەسىلەن: «هَـــذَا زَيْـــدْ وَ رَأَيْتُ زَيْدَا وَ مَرَرْتُ بِزَيْدْ».

## 31. ئۇلىنىدىغان ئىسىم

ئالدىدا اَلِف وَصْل (ئۇلانما ئەلىفى) بار ئىسىم ئون بولۇپ، ئۇلار تۆۋەندىكىچە: «اِسْمٌ وَاسْتٌ وَابْنٌ وَابْنَةٌ وَابْنَمٌ وَاثْنَان وَاثْنَتَان وَامْرُءٌ وَامْرَأَةٌ وَايْمُ اللهِ».

## 32. سان

رەقەم ساننى ئۈچتىن ئونغىچە، (ئوندىن) كۆپلۈككە، يۈزنى ۋە يۈزنىڭ يۈقىرىسىنى بىرگە قوشۇش (قانۇنىيىتى تۆۋەندىكىچە): «ثَلاثَةُ اَثْوَاب، وَعَشَرَةُ رِجَال وَعَشَرُ نِسْوَة وَمِأَةُ رَجُل وَثَلاثُمِائَـــة ثَـــوْب وَاَلْفُ دِرْهَمٍ». (كۆرۈشكە بولىدۇكى، سانالغۇچى ئىسىمنىڭ ئۇقۇملۇقى كېرەك بىراق)، يەككە ھالەتتە، نَكْرَةٌ ھالەتتە سانالغۇچى ئىسىم (مَعْدُوْدُ) زەۋەر ئوقۇلىدۇ. مەسىلەن: «اَحَدَ عَشَرَ دِرْهَمًا وَ عِشْـــرُوْنَ ثَوْبًا وَ تِسْعُوْنَ دِيْنَارًا.

www.uyghurkitap.com



# ئالتىنچى بۆلۈم

# ئەرەب تىلى گرامماتىكىسى ھەققىدە قىسقىچە بايان

## (ضريري)

ئەلى ئىبنى مۇھەممەد ئىبنى ئىبراھىم زەرىرى. قۇھەندىزىي مۇنداق دېگەن: ئەرەب تىلى «إسم، **فعل**، مەنىگە ئىگە **حرف**» دەپ ئۈچ قىسىمغا بۆلۈنىدۇ.

**إسم** دېگىنىمىز، **فرس** (ئات) حجر (تاش) ۋە شۇنىڭغا ئوخشاشلاردۇر.

**فعل** دېگىنىمىز، **قام يقوم**، **قعد يقعد** دېگەنگە ئوخشاشلاردۇر.

**حرف** دېگىنىمىز، **من، عن، إلى، هل** دېگەنگە ئوخشاشلاردۇر.

**إسم** نىڭ ئالاھىدىلىكى، زىر ۋە تەنۋىننى قوبۇل قىلىدۇ. **إضافة** لىك بىرىكمە بولىدۇ. ئەلىف لام كىرىدۇ.

«**فعل**» نىڭ ئالاھىدىلىكى، زامانىنىڭ ئىككى تەرەپكە ئېھتىماللىقى بولغان ياكى ئىككى زامانىنىڭ بىرسىگە ئېھتىماللىقى بولغان نەرسىدۇر.

«حرف» نىڭ ئالاھىدىلىكى، ئىسىمنىڭ ئالاھىدىلىكى ۋە پېئىلنىڭ ئالاھىدىلىكىدىن ئايرىم بولىدۇ.

تۆۋەندە ئەرەب تىلىنىڭ مۇھىم گىرامماتىكىلىق قائىدە قانۇنىيەتلىرىنى قىسقىچە چۈشەندۈرىمىز:

1. الإعراب (ھەر خىل بەلگىلەر). الإعراب دېگىنىمىز رفع، نصب، خفض، جزم (ساكىن) دىن ئىبارەت تۆت تۈرلۈك بولىدۇ.

«رفع» نىڭ مىسالى: هذا زيد.

ئۇنىڭدا «رفع» نىڭ بەلگىسى دالنىڭ پىچىدۇر.

«نصب» نىڭ مىسالى: رأيت زيدا. ئۇنىڭدا «نصب» نىڭ بەلگىسى دالنىڭ زەۋىرىدۇر.

«جر» نىڭ مىسالى: مررت بزيد.

ئۇنىڭدا «جر» نىڭ بەلگىسى دالنىڭ زىرىدۇر.

جزم نىڭ مىسالى: لم يفعل.

ئۇنىڭدا «جزم» نىڭ بەلگىسى لامنىڭ ساكىنىدۇر.

قوشۇمچە مىسال: قوله تعالى وَلَمْ يَجْعَل لَّهُ عوَجَا.

2. رفع، نصب ئىككىسى ئىسىمغا ۋە پېئىلغا بىرلىكتە كىرىدۇ.

زىر بولسا پېئىلغا ئەمەس ئىسىملارغىلا خاس قىلىنىدۇ. ئىسىمدا ساكىن بولمايدۇ. پېئىلدا زىر بولمايدۇ.

3. الإسم المتمكن (إعراب قوبۇل قىلىدىغان ئىسىم) ۋە الفعل المضارع دىن باشقا سۆزلەرگە إعراب بېرىلمەيدۇ.

الإسم المتمكن دېگىنىمىز: زيد، فرس، حجر دېگەنلەرگە ئوخشاش (ئاخىرى بەلگە قوبۇل قىلىدىغان ئىسىم).

الفعل المضارع دېگىنىمىز: يضرب، يذهب، يكتب قاتارلىقلار. باشقا سۆزلەر مبنى الأصل (مەبنى قۇرۇلمىلىق) بولۇپ،

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



ئۇنىڭ ئۈستىگە ئاممىلارنىڭ كىرىشى بىلەن ئاخىرى ئۆزگەرمەيدۇ. مەسىلەن: ضرب، كيف، أين، نحن، حيث، منذ، مذ، من، عن، هولاء، أمس.

4. اعراب دېگەن سۆزنىڭ بېشىغا ياكى ئوتتۇرىسىغا ئەمەس سۆزنىڭ ئاخىرىغا قويۇلىدۇ. ئىسىمدا تەنۋىن بولىدۇ. پېئىلدا تەنۋىن بولمايدۇ. ئىسىمدىن «إضافة» لىك بىرىكمە ياسىلىدۇ. پېئىلدىن ياسالمايدۇ. ئىسىم كىچىكلىتىلىدۇ. پېئىل كىچىكلىتىلمەيدۇ. ئىسىمدىن المثنى ۋە كۆپلۈك ئىسىم ياسىلىدۇ. پېئىلدىن المثنى ۋە الجمع پېئىل ياسالمايدۇ. ئىسىمغا ئەلىف، لام كىرىدۇ. پېئىلغا ئەلىف، لام كىرمەيدۇ. پېئىل ساكىن قىلىنىدۇ. ئىسىم ساكىن قىلىنمايدۇ. ئىسىم جەرّ قىلىنىدۇ، فعل جەرّ قىلىنمايدۇ. ئىسىمنىڭ ئاخىرى تەرخىم (قىسقارتىلىدۇ) قىلىنىدۇ، فعل تەرخىم قىلىنمايدۇ. ئىسىمنىڭ ئىئرابى بىلەن پېئىلنىڭ ئىئرابىنىڭ ئوتتۇرىسىنى ۋە منصرف ئىسىملار بىلەن غير منصرف ئىسىملارنىڭ ئوتتۇرىسىنى پەرقلەندۈرۈش يۈزىسىدىن ئىسىمنىڭ ئاخىرى قىسقارتىلىپ ئېلىنىدۇ. پېئىلنىڭ ئاخىرى قىسقارتىلمايدۇ.

5. رفع لىك ئىسىمنى المثنى قىلىش ئۈچۈن ئۇنىڭ ئاخىرىغا ئەلىف ۋە نۇن قوشۇلىدۇ. مەسىلەن: جاءني الزيدان، ئۇنىڭدا رفع نىڭ بەلگىسى ئەلىف بىلەن نۇندىن ئىبارەت.

قوشۇمچە مىسال: قوله تعالى قَالَ رَجُلاَن.

«نصب» لىك، جەرّ لىك ئىسىمنى المثنى قىلىش ئۈچۈن ئۇنىڭ ئاخىرىغا ياء ۋە نۇن قوشۇلىدۇ ۋە ياء نىڭ ئالدى زەۋەرلىك ئوقۇلىدۇ. مەسىلەن: رأيت الزيدين، مررت بالزيدين.

ئۇ ئىككىسىدە نصب ۋە جر نىڭ بەلگىسى ياء دۇر.

قوشۇمچە مىسال: قوله تعالى فَكَانَ أَبَوَاهُ مُؤْمِنَيْنِ (نصب نىڭ مىسالى).

كَانَتَا تَحْتَ عَبْدَيْنِ مِنْ عِبَادِنَا صَالِحَيْنِ (جرّ نىڭ مىسالى).

6. «رفع» لىك ئىسىمنى كۆپلۈك قىلىش ئۈچۈن ئۇنىڭ ئاخىرىغا ۋاو، نۇن قوشۇلىدۇ. ۋاو نىڭ ئالدىدىكى ھەرپ پىچ ئوقۇلىدۇ. مەسىلەن: هؤلاء الزيدون.

ئۇنىڭدىكى «رفع» نىڭ بەلگىسى ۋاو دۇر. قوشۇمچە مىسال:

قوله تعالى: إِنَّا إِنْ شَاءَ اللهُ لَمُهْتَدُوْنَ .

منصوب، مجرور ئىسىمنى جمع قىلىش ئۈچۈن ئۇنىڭ ئاخىرىغا ياء، نۇن قوشۇلىدۇ. «ياء» نىڭ ئالدىدىكى ھەرپ زىر قىلىنىدۇ. ئىسىملارنىڭ كۆپلۈكمۇ مۇشۇنىڭغا ئوخشاش.

مەسىلەن: رأيت الزيدين ۋە مررت بالزيدين،

بۇ ئىككى ئىسىمدىكى نصب، جرّ نىڭ بەلگىسى ياء دۇر. قوشۇمچە مىسال: قوله تعالى إِنَّ الْمُسْلِمِينَ وَالْمُسْلِمَاتِ (نصب لىك مىسالى)

قوله تعالى وَكَانَ بِالْمُؤْمِنِينَ رَحِيمًا (جر نىڭ مىسالى).

7. المثنى نىڭ نۇنى داۋاملىق زىر ئوقۇلىدۇ. جمع السلامة نىڭ نۇنى داۋاملىق زەۋەر ئوقۇلىدۇ. ئۇ ئىككىسى إضافة لىك بىرىكمە بولۇپ كەلگەن چاغدا قالدۇرۇپ قويۇلىدۇ. مەسىلەن: غلاماك، صالحوك، بنوك.

«يابني إسرائيل» دېگەن جۈملىدە «بني» إضافة لىك بىرىكىپ كەلگەنلىكى ئۈچۈن «بنين» نىڭ نۇنى ئېلىپ تاشلانغان.

ئىسىمدىكى تەنۋىن إضافة لىك بىرىكمە بولۇپ ۋە ئەلف، لام بىلەن كەلگەن چاغلاردا ئېلىۋېتىلىدۇ. مەسىلەن:

قَالَ اللهُ تَعَالَى: إِنِّي عَبْدُ اللّٰه، غلامك، الغلام، قَالَ اللهُ تعالى:

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



وَالْبَلَدُ الطَّيِّبُ.

ئەلف، لامنىڭ ئىپلىنىپ كېتىشى بىلەن تەنۋىن مۇقەررەرلىشىدۇ. مەسىلەن: قوله تعالى رَبِّ اجْعَلْ هَذَا بَلَدًا آمنًا.

8. الجمع ئىسىملار جمع السلامة ۋە جمع التكسير دەپ ئىككىگە بۆلۈنىدۇ. جمع السلامة دېگىنىمىز: بۇ خىل ئىسىمدە ئۇنىڭ يەككىلىك ھالىتى ئۆزگەرمەي ساقلىنىپ قالىدۇ. بەزىدە ۋاۋ ۋە نۇن بىلەن، بەزىدە ياء ۋە نۇن بىلەن جەمئىي قىلىنىدۇ.

بۇ خىل كۆپلۈككە ئايلاندۇرۇش ئۇسۇلى ئاقىللىق نەرسىلەر (ئىنسانلار) گە خاستۇر. مەسىلەن: قوله تعالى أَنَّ الأرضَ يَرِثُهَا عِبَادِيَ الصَّالِحُونَ، قوله تعالى وَالصَّالِحِينَ مِنْ عِبَادِكُمْ وَإِمَائِكُمْ.

جَمعَ التكسير دېگىنىمىز، بۇ خىل ئىسىمنىڭ ئەسلى قۇرۇلمىسى بۇزۇۋېتىلىدۇ. مەسىلەن، رجل ←رجال. حجر ←حجار. شيطان ←شياطين. سلطان ←سلاطين.

قوله تعالى «وَاتَّبَعُواْ مَا تَتْلُواْ الشَّيَاطِينُ»دە «شياطين» فاعل بولغانلىقى ئۈچۈن پېش ئوقۇلغان. ئۇنىڭدىكى رفع نىڭ ئالامىتى نۇننىڭ پېش ئوقۇلۇشىدۇر.

9. متكلم (بىرىنچى شەخس) دىن باشقىسىغا مضاف (قوشۇلغان) قىلىنىدىغان حرف علة بولغان ئالتە ئىسىم بار بولۇپ، رفع لىك ھالىتى واو بىلەن، نصب لىك ھالىتى ئەلف بىلەن، جرّ لىك ھالىتى ياء بىلەن بولىدۇ. ئۇلار: أخوك، حموك، هنوك، فوك، ذومال ئىبارەت.

رفع نىڭ مىسالى: هذا أبوك. ئۇنىڭدا «واو» رفع نىڭ بەلگىسىدۇر.

قوشۇمچە مىسال: قوله تعالى قَالَ أَبُوهُمْ

نصب نىڭ مىسالى: رأيت أباك.

ئۇنىڭدىكى ئەلىف نصب نىڭ بەلگىسىدۇر.
قوشۇمچە مىسال: قوله تعالى إنَّ أَبَانَا لَفِي ضَلاَلٍ مُّبِينٍ
جرّ نىڭ مىسالى: مررت بأبيكَ.
بۇنىڭدىكى ياء جرّ نىڭ بەلگىسىدۇر.
قوشۇمچە مىسال: قوله تعالى إِرْجِعُواْ إِلى أَبِيكُمْ
بۇ ئىسىملارنىڭ قالغانلىرىمۇ يۇقىرىقى مىساللارغا ئوخشاشتۇر.

10. الفعل المضارع نىڭ بەش مىسالى بولۇپ، ئۇلارنىڭ رفع لىكى نۇننىڭ چۈشۈپ قالماي تۇرغانلىقى، ئۇنىڭ نصب لىكى ۋە ساكىنلىقى نۇننىڭ چۈشۈپ قالغانلىقىدۇر. ئۇلار: يفعلان، يفعلون، تفعلان، تفعلون، تفعلين دىن ئىبارەت.
رفع نىڭ مىسالى: هما يفعلان، هم يفعلون.
بۇ سۆزدىكى رفع نىڭ بەلگىسى نۇننىڭ چۈشۈپ قالماي تۇرغانلىقىدۇر.
قوشۇمچە مىسال: قوله تعالى وَهُمْ يَحْمِلُونَ أوزَارَهُمْ عَلَى ظُهُورِهِمْ.
نصب نىڭ مىسالى: لن يفعلا، لن يفعلوا، لم يفعلا، لم يفعلوا.
ئۇ ئىككىسىدە نصب نىڭ ۋە ساكىنلىقنىڭ ئىپادىسى نۇننىڭ چۈشۈپ قالغانلىقىدۇر.
«فَإِن لَّمْ تَفْعَلُواْ وَلَن تَفْعَلُواْ»دە «لَمْ تَفْعَلُواْ» نىڭ ساكىن بولغانلىقى ۋە «لن تفعلوا» نىڭ نصب بولغانلىقى ئۈچۈن نۇن تاشلانغان. مۇشۇ تۆردىكى باشقا پېئىللارمۇ ئاشۇلارغا ئوخشاش بولىدۇ.

11. ئاخىرىدا «واو» ياكى «ياء» بولغان الفعل المضارع «يدعو، يرمى» قاتارلىق پېئىللارنىڭ رفع لىكى ئاخىرىنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



ساكىن بولغانلىقىدۇر. نصب لىكى بولسا ئاخىرىنىڭ زەۋەر بولغانلىقىدۇر. ساكىنلىقى بولسا ئاخىرىنىڭ چۈشۈپ قالغانلىقىدۇر.

رفع نىڭ مىسالى: «هو يدعو، يرمي».

بۇ ئىككى پېئىلدىكى نصب نىڭ بەلگىسى ئاخىرىنىڭ ساكىن بولغانلىقى. قوشۇمچە مىسال: قوله تعالى وَاللّٰهُ يَدْعُو إِلَى دَارِ السَّلَامِ.

نصب نىڭ مىسالى: «لن يدعُوَ، لَنْ يَرْمِيَ».

بۇ ئىككىسىدىكى نصب نىڭ بەلگىسى بولسا ئاخىرىنىڭ زەۋەر بولغانلىقىدۇر. قوشۇمچە مىسال: لَن نَّدْعُوَ مِن دُونِهِ إِلَهًا

جزم نىڭ مىسالى: «لم يدعُ، لم يرمِ».

بۇ ئىككىسىدە ساكىنلىقىنىڭ بەلگىسى ئاخىرىنىڭ چۈشۈپ قالغانلىقىدۇر. قوشۇمچە مىسال: قوله تعالى ادْعُ إِلَى سَبِيلِ رَبِّكَ بِالْحِكْمَةِ وَالْمَوْعِظَةِ الْحَسَنَةِ. قوله تعالى كَأَن لَّمْ يَدْعُنَا إِلَى ضُرٍّ مَّسَّهُ

12. ئاخىرىدا الألفُ المقصورة (قىسقارتىلغان ئەلىف) بار بولغان «يرضى، يخشى» قاتارلىق فعل لارنىڭ رفع، نصب لىكى ئاخىرىنىڭ ساكىنى بىلەن بولىدۇ. ساكىنلىقى بولسا ئاخىرىنىڭ ئېلىپ تاشلىنىشىدۇر.

رفع نىڭ مىسالى: هو يخشى، يرضى.

بۇ ئىككى پېئىلدىكى رفع نىڭ بەلگىسى ئاخىرىنىڭ ساكىنىدۇر. قوشۇمچە مىسال: قوله تعالى وَ لا يَرْضَى لِعِبَادِهِ الْكُفْرَ

نصب نىڭ مىسالى: «لن يرضَى، لن يخشَى».

بۇ ئىككىسىدىكى نصب نىڭ بەلگىسى ئاخىرىنىڭ ساكىن بولغانلىقىدۇر. قوشۇمچە مىسال: قوله تعالى وَلَن تَرْضَى عَنكَ الْيَهُودُ وَ لا النَّصَارَى

جزم نىڭ مىسالى: «لم يرضَ، لم يخشَ».
بۇ ئىككى پېئىلدىكى ساكىنلىقنىڭ بەلگىسى ئاخىرىنىڭ (ئېلىپ تاشلىنىش) قىلىنغانلىقىدۇر. قوشۇمچە مىسال: قوله تعالى وَلَمْ يَخْشَ إلاَّ اللَّهَ.
13. ئاخىرىدا «ياء» بولغان ھەرقانداق ئىسىمدا مۇبادا «ياء» نىڭ ئالدىدىكى ھەرپ زەۋەر بولسا ھەرىكەتلەردىن ھېچنەرسىنى ئۈستىگە ئالمايدۇ. مەسىلەن: هذا مولى و رأيت مولى. و مررت بمولى.
قوشۇمچە مىسال: قوله تعالى يَوْمَ لا يُغْنِي مَوْلًى عَن مَّوْلًى شَيْئًا.
ئەگەر «ياء» نىڭ ئالدىدىكى ھەرپ زىر بولسا ھەرىكەتلەردىن پەقەت زەۋەرلىككىلا ئىمكانىيەت بولىدۇ. مەسىلەن:
«هذا قاضٍ، رأيت قاضيًا، مررت بقاضٍ».
رفع دە قوله تعالى فَاقْضِ مَا أَنتَ قَاضٍ.
جر دە قوله تعالى وَمَا أَنتَ بِهَادِي الْعُمْيِ عَن ضَلَالَتِهِمْ.
نصب دە قوله تعالى وَإِنِّي خِفْتُ الْمَوَالِيَ من وَرَائِي.
ئەگەر «ياء» نىڭ ئالدى ساكىن بولسا ھەرخىل ئىمكانىيەتلەرنى ئۈستىگە ئالىدۇ. مەسىلەن:
«هذا ظبيٌ، رأيت ظبيًا، مررت بظبيٍ».
رفع نىڭ مىسالى: قوله تعالى حَتَّى يَبْلُغَ الْهَدْيُ مَحِلَّهُ.
نصب نىڭ مىسالى: قوله تعالى هَدْيًا بَالِغَ الْكَعْبَةِ.
جر نىڭ مىسالى: فَمَا اسْتَيْسَرَ مِنَ الْهَدْيِ.
14. المبتدء (ئىگە) ۋە الخبر (خەۋەر)
ئىككىسى دائىم رفع ئوقۇلىدۇ. مەسىلەن: زيد قائم.
«زيد» المبتدء بولغانلىقى ئۈچۈن رفع ئوقۇلغان؛ «قائم» خەۋەر بولغانلىقى ئۈچۈن رفع ئوقۇلغان.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com



قوشۇمچە مىسال: **قوله تعالى اللّهُ لَطيفٌ بعبَاده.**

المبتــــدء نىڭ خەۋىرى تۆت نەرسىنىڭ ئۆز ئىچىگە ئالغان بولىدۇ: **إسم** ياكى **فعل** ياكى **ظرف** ياكى جۈملىلەردە **المبتدء** باشتا تىلغا ئېلىنىدۇ. مەسىلەن: ئىسىمدا **زيد قائم.**

بۇنىڭدىكى «**زيد**» **مبتدء** بولۇپ، «**قــائم**» ئۇنىڭ خەۋىرىدۇر.

قوشۇمچە مىسال: **قوله تعالى مُحَمَّدٌ رَّسُولُ اللّه.**

پېئىلدا: **زيد يقوم.**

بۇنىڭدا «**زيد**» **المبتدء** بولۇپ، ئۇنىڭ خەۋىرى پېئىلدۇر.

قوشۇمچە مىسال: **وَاللّهُ يَدْعُو إلى دَارِ السَّلام.**

**ظرف** (ئورۇن رەۋىشى) تە: **زيد فى الدار، زيد عندك.**

«**زيد**» **المبتدا**: ئۇنىڭ خەۋىرى «**فى الدار**» دۇر.

قوشۇمچە مىسال: **قوله تعالى وَاللّهُ عِندَهُ حُسْنُ الْمَآبِ.**

جۈملىدە: **زيد ابوه قائم.**

بۇنىڭدا «**زيد**» بىرىنچى **المبتدء**: «**ابوه**» ئىككىنچى **مبتــدء**؛ «**قائم**» ئىككىنچى **المبتدء** نىڭ خەۋىرىدۇر. بۇ جۈملە **رفــع** نىڭ ئورنىدا بولۇپ ئىككىنچى **المبتدء** ئۆزىنىڭ خەۋىرى بىلەن قوشۇلۇپ بىرىنچى **المبتدء** نىڭ خەۋىرىدۇر. ئۇنىڭدىكى **ضمير** بىرىنچى **مبتدء** غا قايتىدۇ.

قوشۇمچە مىسال: **قوله تعالى وأولَئكَ هُمُ الْمُفْلِحُونَ.**

ئەگەر **مبتدء** نىڭ خەۋىرى ئىسىم بولسا ئۇ **رفع** لىك بولىدۇ.

مەسىلەن، **زيد قائم.**

ئەگەر پېئىل بولسا، **ظـــرف** بولسا ياكى جۈملە بولسا، ئۆزگەرتىش **إعراب** قا ئاساسەن بولىدۇ.

15. **الفاعــل** (ئىش - ھەرىكەت ئىگىسى) ۋە **المفعــول بــه** (تولدۇرغۇچى)

بىلىڭكى، فاعل داۋاملىق رفع ئوقۇلىدۇ. المفعول به داۋاملىق نصب ئوقۇلىدۇ. مەسىلەن: ضرب زيد عمرا.

«زيد» فاعل بولغىنى ئۈچۈن رفع ئوقۇلغان؛ «عمرا» مفعول به بولغانلىقى ئۈچۈن نصب ئوقۇلغان.

«قَتَلَ دَاوُدُ جَالُوْتَ » دە «داودُ» بولغانلىقى ئۈچۈن رفع؛ «جالوت» مفعول به بولغانلىقى ئۈچۈن نصب ئوقۇلغان.

16. مفعول مالم يسم فاعله (فاعل ئورنىدا تۇرغان مفعول) رفع ئوقۇلىدۇ. مەسىلەن: ضُرِبَ زَيْدٌ.

«زيد» مفعول مالم يسم فاعله بولغانلىقى ئۈچۈن نصب ئوقۇلغان. قوشۇمچە مىسال: قوله تعالى قُتِلَ الإنسَانُ.

ئەگەر ئىككى مفعول بايان قىلىنسا، ھەر ئىككىسىنىڭ پائىلى تىلغا ئېلىنمىسا بىرىنچىسى رفع، ئىككىنچىسى نصب ئوقۇلىدۇ. مەسىلەن: اعطى زيد درهما.

«زيد» رفع ئوقۇلغان، چۈنكى ئۇ بىرىنچى مفعول بولۇپ، ئۇنىڭ فاعل ى تىلغا ئېلىنمىغان. «درهما» نصب ئوقۇلغان، چۈنكى ئۇ ئىككىنچى المفعول به بولۇپ، فاعل ى ئېلىنمىغان.

قوشۇمچە مىسال: قوله تعالى وَخُلِقَ الإنسَانُ ضَعِيفًا.

17. الإضافة (بىرىكتۈرۈش). بىلىڭكى، جەزمەن الإضافة ئىككى ئىسىمنىڭ ئوتتۇرىسىدا يۈز بېرىدۇ. ئەگەر بىر ئىسىمنى يەنە بىر ئىسىمغا بىرىكتۈرگەندە بىرىنچى ئىسىم ئورنىغا قاراپ ئوقۇلىدۇ. ئىككىنچىسى بىرىككەنلىكتىن زىر ئوقۇلىدۇ. مەسىلەن: جاءنى غلام زيد.

«غلام» بولسا «جاء» نىڭ فاعل ى بولغانلىقى ئۈچۈن رفع ئوقۇلغان؛ «زيد» مضاف اليه بولغانلىقى ئۈچۈن زىر ئوقۇلغان.

«رأيت غلام زيد» دېگەن جۈملىدە «غلام» مفعول به

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى www.uyghurkitap.com



بولغانلىقى ئۈچۈن نصب ئوقۇلغان. «زيد» مضاف اليه بولغانلىقى ئۈچۈن زىر ئوقۇلغان.

قوله تعالى «مَالِكِ يَوْمِ الدِّينِ» دە «يوم» مضاف اليه بولغانلىقى ئۈچۈن زىر ئوقۇلغان.

قوله تعالى«قُلْ أَعُوذُ بِرَبِّ النَّاسِ» دە «رب» المجرور بولغانلىقى ئۈچۈن زىر ئوقۇلغان.

18. الأفعال الناقصة (تولۇقلىمغۇچى پېئىل). ئىسمىنى رفع، خەۋىرىنى نصب قىلىدىغان پېئىللار تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت. يەنى: كَانَ (... ئىدى)، صَارَ (ئۆزگەردى)، ظَلَّ (كۈندۈزدە بولدى)، بَاتَ (كەچىنى ئۆتكۈزدى)، أَصْبَحَ (تاڭ ئاتقۇزدى)، أَمْسَى (كەچ قىلدى)، أَضْحَى (چاشكا ۋاقتىدا بولدى)، مَادَامَ (بولىۋەردى)، مَازَالَ (ھەمىشە بولدى)، مَابَرِحَ، مَافَتِيءَ (بوشىمىدى)، مَاانْفَكَّ (چۇۋۇلمىدى)، لَيْسَ (ئەمەس) قاتارلىقلاردۇر. يۇقىرىقى پېئىللار ۋە ئۇلاردىن تۈرلەنگەن پېئىللار ئىسمىنى رفع، خەۋىرىنى نصب قىلىدۇ. مەسىلەن: وَكَانَ اللّهُ غَفُورًا رَّحِيمًا، كَانَ زَيْدٌ قَائمًا.

«زيد» «كان» نىڭ ئىسمىسى بولغانلىقى ئۈچۈن رفع؛ «قائما» «كان» نىڭ خەۋىرى بولغانلىقى ئۈچۈن نصب ئوقۇلغان. «كان» تۈردىكى باشقا ئىسىملارمۇ «كان» غە ئوخشاش رول ئوينايدۇ.

19. الحروف المشبهة بالفعل (فعل غا ئوخشاش ھەرپلەر).

ئىسمىنى نصب خەۋىرىنى رفع قىلىدىغان ھەرپلەر ئالتە بولۇپ، ئۇلار: إِنَّ (شەكسىزكى)، أَنَّ (شەكسىزكى)، كَأَنَّ (خۇددى)، ليت (ئىسىت)، لكِنَّ (بىراق)، لعل (ئۈمىدكى...) دىن ئىبارەت.

مەسىلەن: إِنَّ زيدا قائم.

«زيدا» بولسا «إِنَّ» نىڭ ئىسمىسى بولغانلىقى ئۈچۈن

**نصب**: «**قائم**» خەۋىرى بولغانلىقى ئۈچۈن **رفع** ئوقۇلغان.

قوشۇمچە مىسال: **قوله تعالى إِنَّ اللّٰهَ غَفُورٌ رَّحِيمٌ**.

20. **حــــروف الجـــر** (ئىسىمنى زىر قىلغۇچى ھەرپلەر)

ئىسىمنى زىر، خەۋىرىنى **رفع** قىلغۇچى ھەرپلەر: **مِنْ، عَـــنْ، فِـــي، إِلَى، عَلَى، مَعَ، حَتَّـــى، عِنْـــدَ، ســـوَى، رُبَّ، وَاوْ، رَبَّ**؛ **وَاو** (قەسەم مەنىسىدە كېلىدىغان) **يَاء، تَاء، اللام، الكاف، مُذْ، مُنْذُ**، ئارتۇق **باء، حَاشَا، خَلا، عَدا**.

بۇ ھەرپلەر خەۋەرلىك جۈملىدە كەلسە ئىسىمنى زىر، خەۋىرىنى **رفع** قىلىدۇ. مەسىلەن: **عَلَى زَيْد دِرْهَمٌ**.

بۇنىڭدىكى «**زيـــد**» «**علـــى**» نىڭ ئىسمىسى بولغانلىقى ئۈچۈن، زىر «**درهم**» «**على**» نىڭ خەۋىرى بولغانلىقى ئۈچۈن **رفع** ئوقۇلغان. «**درهم**»نى سۈپەتنىڭ خەۋىرى ياكى تەقدىرەن **مبتـــدء** دېيىشكىمۇ بولىدۇ، يۇقىرىقى ھەرپلەرنىڭ خەۋىرى بولمىسا، پەقەت ئۆزىدىن كېيىنكى ئىسىمنى زىر قىلىدۇ.

قوشۇمچە مىسال: **قوله تعالى وَعَلَى اللّٰه قَصْدُ السَّبِيل**.

21. **مبتداء** نىڭ بېشىدا كېلىدىغان ھەرپلەر. ئارقىسىدىكى ئىسىملار **مبتداء به** بولۇپ كېلىدىغان ھەرپلەر بولسا: **إِنَّمَا، كَأَنَّمَـــا، لَكِنَّمَا، لَيْتَمَا، لَعَلَّمَا، بَيْنَمَا، إِذْمَا، إِذَا، لَوْمَا، لَوْلاَ، هَذَا، حَبَّـــذَا، نِعْـــمَ، بِئْسَ، هَلْ، أَيْنَ، أَنَّى، كَيْفَ، مَتَى، مَهْمَا، لَكِنَّ** (يېنىك ئوقۇلىدىغان)، بۇ ھەرپلەرنىڭ ئارقىسىدىن كەلگەن ئىسىملار **مبتـــداء بـــه** بولۇپ كېلىدۇ. مەسىلەن: **إنما زيد قائم**.

«**زيد**» **مبتداء به** بولغانلىقى ئۈچۈن **رفع**، «**قائم**» **مبتداء** نىڭ خەۋىرى بولغانلىقى ئۈچۈن **رفع** ئوقۇلغان. قوشۇمچە مىسال: **إِنَّمَا اللّٰهُ إِلَهٌ وَاحِد**

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



22. **الأفعال** (پېئىللار) بىلىش كېرەككى، **فعل** لار تۆت تۈرلۈك بولىدۇ. ئۇلار:

1) **الفعل الماضي**.

ئۇ زەۋەرگە تۇراقلاشقان. مەسىلەن، ضرب.

بۇ ئۆتكەن زامان پېئىلى بولغانلىقى ئۈچۈن زەۋەر ئوقۇلغان، قوشۇمچە مىسال: **قوله تعالى وَضَرَبَ لَنَا مَثَلا وَنَسِيَ خَلْقَهُ**.

2) **الفعل المضارع**.

كېلىدىغان زامان پېئىلىغا زەۋەر قىلغۇچى ۋە ساكىن قىلغۇچى ھەرپلەر كەلمىسىلا **رفع** ئوقۇلىدۇ. ئۇنىڭغا ساكىن قىلغۇچى كىرسە ساكىن بولىدۇ.

مەسىلەن، **تضرب**.

ئۇ **الفعل المضارع** بولغانلىقى ئۈچۈن **رفع** ئوقۇلغان.

قوشۇمچە مىسال: **قوله تعالى يَضْرِبُ اللّهُ الأمثَالَ**.

3)، 4) بۇيرۇق ۋە توسۇش پېئىللىرى.

بۇ ئىككى پېئىل داۋاملىق ساكىن ئوقۇلىدۇ. مەسىلەن:

**إضرب، لا تضرب**.

«**اضرب**» بۇيرۇق پېئىل، «**لا تضرب**» توسۇش پېئىلى بولغانلىقى ئۈچۈن ساكىن ئوقۇلغان.

قوشۇمچە مىسال: **وَاضْرِبْ لَهُم مَثَلا قوله تعالى فَاضْرِب بِّهِ وَ لا تَحْنَثْ**.

23. ئىسمىدىن ئىلگىرى كەلگەن پېئىل. پېئىل ئىسمىدىن ئىلگىرى كەلسە يەككە كەلتۈرۈلىدۇ. **المثنى** قىلىنمايدۇ، جەمئىي قىلىنمايدۇ. **فعل** ئىسمىدىن كېيىن كەلسە **المثنى** مۇ كەلتۈرۈلىدۇ. جەمئىمۇ كەلتۈرۈلىدۇ. مەسىلەن: **قام أخوا ك ثم قعدا**.

«قــام» ئىسـىمدىن بۇرۇن كەلگەن پېئىل بولغاچقا يەككە كەلتۈرۈلگەن. «قعــدا» بولسا ئىسـىمدىن كېيىن كەلگەنلىكى ئۈچۈن المثنى كەلتۈرۈلگەن. جاء قومك فدخلوا عليه دېگەن جۈملىدە «جـــاء» نىڭ يەككە ھالەتتە كېلىشى ئىسـىمدىن ئىلگىرى كەلگەنلىكى؛ «دخلوا» نىڭ كۆپلۈك بولۇپ كېلىشى ئىسـىمدىن كېيىن كەلگەنلىكى سەۋەبلىكتۇر.

قوشۇمچە مىسال: قوله تعالى وَجَاءَ إِخْوَةُ يُوسُفَ فَدَخَلُوا عَلَيْهِ.

24. المصدر (سۆز تومۇرى). المصدر داۋاملىق نصب ئوقۇلىدۇ. مەسىلەن: ضربت ضربا.

«ضربا» المصدر بولغانلىقى ئۈچۈن نصب ئوقۇلغان.

قوشۇمچە مىسال: قوله تعالى فَضَرْبَ الرِّقَابِ

شۇنىڭدەك ھالەتمۇ دائىم نصب ئوقۇلىدۇ. مەسىلەن: جاء نِي زيد راكبا.

«راكبا» ھالەت بولغانلىقتىن نصب ئوقۇلغان.

قوشۇمچە مىسال: قوله تعالى يَدْخُلُونَ فِي دِينِ اللَّهِ أَفْوَاجًا.

25. الفعــل المضـــارع نى ساكىن قىلىدىغان ھەرپلەر. بۇ ھەرپلەر: لَمْ، لَمَّا، أَوَلَمْ، أَوْلَمَّا، أَفَلَمْ، أَفَلَمَّـا ۋە لاَمُ الأَمْـرِ الْغَائِـب (ئۈچىنچـى شەخسـكە قارىتىلغـان ئـەمرنىڭ لامـى) ۋە لاءُ النــهي قاتارلىقلار كېلىدىغان زامان پېئىلىنى ساكىن قىلىدۇ. مەسىلەن: لم يفعل.

قوشۇمچە مىسال: قوله تعالى الْحَمْدُ لِلَّهِ الَّذِي لَمْ يَتَّخِذْ وَلَـدًا. باشقا ھەرپلەرمۇ يۇقىرىقى مىسالغا ئوخشاش.

26. حروف الشرط (شەرت ھەرپلىرى).

شەرت ھەرپلىرى بولسا: إِنَّ، مَنْ، مَا، مَهْمَا، أَمَا، أَنَّى، أَيْنَ، أَيْنَمَا، أَيُّ، أَيُّمَا، مَتَى، حَيْثُ، حَيْثُمَا، كَيْفَ، كَيْفَمَا، إِذْمَا، إِذَامَا دىن ئىبارەت.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com



بۇ ھەرپلەر الفعل المضارع نى ساكىن قىلىدۇ. ئەگەر ئۇ پېئىلنىڭ جاۋابى «فـاء» دىن باشقا ھەرپلەر بىلەن بولسا ئۇنىڭ جاۋابى ساكىن بولىدۇ. مەسىلەن: إنْ تكرمنى أكرمك.

«تكرم» شەرت ھەرپىنىڭ تەسىرى بىلەن ساكىن ئوقۇلغان: «أكرم» شەرتنىڭ جاۋابى بولغانلىقى ھەم ئۇنىڭدىن ئىلگىرى «فاء» بولمىغانلىقتىن ساكىن ئوقۇلغان.

قوله تعالى «إنْ تُقْرِضُوا اللَّهَ قَرْضًا حَسَنًا يُضَاعِفْهُ لَكُمْ» دە ساكىنلىقنىڭ بەلگىسى نۇننىڭ چۈشۈپ قالغانلىقىدۇر. ئەگەر ئۇنىڭ جاۋابىغا «فـاء» كىرسە ئۇنىڭ جاۋابى رفـع بولىدۇ. مەسىلەن: إنْ تكرمنى فأكرمُك.

بۇنىڭدىكى «أكـرم» نى شەرتنىڭ جاۋابى «فـاء» بىلەن كەلگەنلىكى ئۈچۈن پىچ ئوقۇلغان.

قوشۇمچە مىسال: قوله تعالى وَمَنْ عَادَ فَيَنتَقِمُ اللَّهُ منه.

27. فعل نى نصب ئوقۇتىدىغان ھەرپلەر. الفعل المضارع نى نصب ئوقۇتقۇچى ھەرپلەر: أنْ، لَنْ، حَتَّى، إذَنْ، كَيْ، لاَمُ كَيَ، كَيْلاَ، لاَمُ الْجَحَد قاتارلىقلاردىن ئىبارەت. بۇلار الفعل المضارع نى نصب ئوقۇتىدۇ. مەسىلەن: «أحببت أنْ تفعل غدا».

بۇنىڭدىكى «تفعل» نصب ئوقۇلغان.

قوله تعالى «أَفَتَطْمَعُونَ انْ يُؤْمِنُواْ لَكُمْ؟» دە نصب لىكنىڭ بەلگىسى نۇننىڭ چۈشۈپ قالغانلىقىدۇر. «أن» تۆردىكى باشقا ھەرپلەرمۇ شۇنىڭغا ئوخشاش.

28. الجوابات(جاۋابلار).

جاۋابلار يەتتە تۈرلۈك بولىدۇ: الأمْرُ(بۇيرۇق)، نهى (توسۇش)، الدعاء (تىلەك)، إستفهام (سوئال)، الجحد (ئىنكار)، التمنى (ئارزۇ)، العرض (تەكلىپ) لەرنىڭ جاۋابى فاء بىلەن نصب ئوقۇلىدۇ. فـاء

بولمىغاندا ساكىن ئوقۇلىدۇ.

أمر نىڭ مىسالى: زرني فأكرمَك.

بۇنىڭدىكى «أكــــرم» «فـــاء» بىلـەن بۇيرۇقنىڭ جاۋابى بولغانلىقى ئۈچۈن نصب ئوقۇلغان.

قوشۇمچە مىسال: قوله تعالى وَقُلِ اعْمَلُوا فَسَيَرَ اللهُ عَمَلَكُمْ.

نهى نىڭ مىسالى: لاتشتمني فأشتمَك.

بۇنىڭدىكى «أشتم» «نهى» نىڭ فاء لىق جاۋابى بولغانلىقى ئۈچۈن نصب ئوقۇلغان.

قوشۇمچە مىسال: قوله تعالى لا تَفْتَرُوا عَلَى اللَّهِ كَذِبًا فَيُسْحِتَكُمْ بِعَذَاب.

«فيسحتكم» نهــى نىڭ جاۋابى بولغانلىقى ئۈچۈن نصــب ئوقۇلغان.

دۇئا نىڭ مىسالى: أبقاك الله فتنتفع بك.

بۇنىڭدىكى «تنتفع» بولسا فــاء بىلـەن كەلگەن تىلەكنىڭ جاۋابى بولغانلىقى ئۈچۈن نصب ئوقۇلغان.

قوله تعالى «رَبَّنَا اطْمِسْ عَلَى أَمْوَالِهِمْ وَاشْدُدْ عَلَى قُلُـــوبِهِمْ فَـــلا يُؤْمِنُوا» دە نصب نىڭ بەلگىسى نۇننىڭ چۈشۈپ قالغانلىقىدۇر.

إستفهام (سوئال ھەرپى) نىڭ مىسالى: هل عندك ماء فأشربَهُ.

بۇنىڭدىكى «أشرب» فاء لىق سوئالنىڭ جاۋابى بولغانلىقى ئۈچۈن نصب ئوقۇلغان.

قوله تعالى «هَلْ عِندَكُم مِّنْ عِلْمٍ فَتُخْرِجُوهُ لَنَا» دېگەن جۈملىدە نصب نىڭ بەلگىسى نۇننىڭ چۈشۈپ قالغانلىقىدۇر.

جحد (ئىنكار)نىڭ مىسالى: ما أنت بعالم فنتعلَّمَ منك.

بۇنىڭدىكى «نتعلم» نى جحـــد نىڭ جاۋابى ھەمدە «فـــاء» كىرگەنلىكى ئۈچۈن نصب ئوقۇلغان.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com



قوشۇمچە مىسال: قوله تعالى مَا عَلَيْكَ مِنْ حِسَابِهِم مِّن شَيْءٍ وَمَا مِنْ حِسَابِكَ عَلَيْهِم مِّن شَيْءٍ فَتَطْرُدَهُمْ.

تمنّي (ئارزۇ) نىڭ مىسالى: ليتك عندنا فنفرحَ بك.

بۇنىڭدىكى «نفرح» نى ئارزۇنىڭ جاۋابى بولۇپ فاء كىرگەنلىكى ئۈچۈن نصب ئوقۇلغان.

قوشۇمچە مىسال: قوله تعالى لَوْ لاأخرتَنِي إلى أَجَلٍ قَرِيبٍ فَأَصَّدَّقَ.

العرض (تەكلىپ) نىڭ مىسالى: ألا تنْزِلُ بنا فنحسنَ إليك.

بۇنىڭدىكى «نحسن» نى فاء بىلەن كەلگەن تەكلىپنىڭ جاۋابى بولغانلىقى ئۈچۈن نصب ئوقۇلغان.

ئەگەر بۇ جاۋابلاردىن فاء ئېلىۋېتىلسە «جحد» تىن باشقا ھەممىسى ساكىن ئوقۇلىدۇ. مەسىلەن: زرني أكرمْك.

بۇنىڭدىكى «أكرم» نى فاء بىلەن كەلمىگەن ئەمرنىڭ جاۋابى بولغانلىقى ئۈچۈن ساكىن ئوقۇلغان.

قوله تعالى «قُلْ تَعَالَوْا أَتْلُ مَا حَرَّمَ رَبُّكُمْ عَلَيْكُمْ» دىكى «أَتْلُ» دىكى «ۋاۋ» نىڭ چۈشۈپ قالغانلىقى ساكىنلىقىنىڭ بەلگىسىدۇر. باشقىلارمۇ مۇشۇلارغا ئوخشاش بولىدۇ.

29. ئىسىمنىڭ إعراب تىكى ئەگەشكۈچىلىرى. اعراب تا ئىسىمغا ئەگىشىدىغان نەرسە تۆت بولۇپ، ئۇلار: الصفة (سۈپەت)، التوكيد (كۈچلەندۈرگۈچى)، العطف (باغلىغۇچى)، البدل (ئىزاھلىغۇچى)دىن ئىبارەت.

ئەگەر بىرىنچى ئىسىم رفع بولسا، ئۇنىڭ ئەگەشكۈچىلىرىمۇ رفع بولىدۇ. نصب بولسا ئەگەشكۈچىلىرىمۇ نصب بولىدۇ. جر بولسا، ئۇلارمۇ جرّ بولىدۇ.

سۈپەتنىڭ مىسالى: جاء ني زيد العاقل.

بۇنىڭدىكى «العاقل» «زيد» نىڭ سۈپىتى بولغانلىقى ئۈچۈن رفع ئوقۇلغان. مەسىلەن: رأيت زيدا العاقل.

قوشۇمچە مىسال: قوله تعالى «إهْدِنَا الصِّرَاطَ الْمُسْتَقِيْمَ»

تونۇش (معرفة) ئىسىملار تونۇش ئىسىملار بىلەن ناتونۇش ئىسىملار (نكرة) ناتونۇش ئىسىملار بىلەن سۈپەتلىنىدۇ. مەسىلەن: جاءنى زيد العاقل، مررت برجل عاقل.

قوشۇمچە مىسال: قوله تعالى بِالْحِكْمَةِ وَالْمَوْعِظَةِ الْحَسَنَةِ وَ قوله تعالى وَاللهُ غَفُورٌ رَحِيْمٌ

التوكيد نىڭ مىسالى: جاءنى زيد، نفسه، عينه.

بۇنىڭدىكى «نفس، عين» «زيد» نىڭ تەكىتى بولغانلىقى ئۈچۈن رفع لىك ئوقۇلغان. قوشۇمچە مىسال: رأيت زيدا نفسه وعينه، مررت بزيد نفسه وعينه.

تەكىتنىڭ ھەرپلىرى تۆت بولۇپ، ئۇلار: النفس، العين، كل، اجمع دىن ئىبارەت. مەسىلەن:

جاء نى القوم أنفسهم وأعينهم وكلهم وأجمعون.

يۇقىرىقىلار «القوم» نىڭ تەكىتى بولغانلىقى ئۈچۈن رفع ئوقۇلغان. قوشۇمچە مىسال: قوله تعالى فَسَجَدَ الْمَلائِكَةُ كُلُّهُمْ أَجْمَعُونَ.

العطف (باغلىغۇچى) نىڭ مىسالى: جاء نى زيد و عمرو رأيت زيدا و عمروا مررت بزيد و عمرو.

قوشۇمچە مىسال: وَإِذْ يَرْفَعُ إِبْرَاهِيمُ الْقَوَاعِدَ مِنَ الْبَيْتِ وَإِسماعِيلُ.

العطف ھەرپلىرى 11 بولۇپ، ئۇلار: الواو، الفاء، ثُمَّ، أَوْ، أَمْ، أَمَّا، لاَ، بَلْ، حَتَّى، يەڭگىل ئوقۇلغان لكنْ، لَيْسَ دىن ئىبارەت. بۇ ھەرپلەر ئارقىسىدىكى ئىسىم بىلەن ئالدىدىكى ئىسىمنى ئۆز ئارا

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



باغلايدۇ.

الواو نىڭ مىسالى: جاءنى زيد و بكر. قوشۇمچە مىسال: قوله تعالى إنَّ اللّهَ وَمَلائكَتَهُ يُصَلُّونَ عَلَى النَّبِيِّ،

قوله تعالى وَجَاء رَبُّكَ وَالْمَلَكُ صَفًّا صَفًّا.

باشقا ھەرپلەرمۇ يۇقىرىقىغا ئوخشاش بولىدۇ.

البدل نىڭ مىسالى: جاء نى زيد أخوك.

بۇنىڭدىكى «أخو» «زيد» دىن بەدەل بولغانلىقى ئۈچۈن رفع ئوقۇلغان.

مىساللار: رأيت زيدا أخاك. مررت بزيد أخيك.

قوله تعالى «إهدنَا الصِّرَاطَ الْمُستَقِيمَ صِرَاطَ الَّذِينَ أَنعَمتَ عَلَيهِمْ» دە ئىككىنچى «صِـــراط» بىرىنچى «صِــراط» دىن بەدەل بولغانلىقى ئۈچۈن نصب ئوقۇلغان.

30. العرفة (تونۇش ئىسىم) والنكرة (ناتونۇش ئىسىم) نى تونۇش. المعرفة بەش تۈرلۈك بولىدۇ:

1) العلم (خاس ئىسىم). مەسىلەن: زيد، عمرو.

2) ئەلىف، لامغا كىرگەن ئىسىم. مەسىلەن: الرجل، الغلام.

3) الموصول (نىسپىي ئالماش ئىسىم) مەسىلەن: الذى، التى.

4) إسم الإشارة (كۆرسىتىش ئىسمى) هذا، ذلك.

5) الضمير مەسىلەن: أنا، أنت.

يۇقىرىقى تۆتىنىڭ بىرسىگە مضاف (قوشۇلغان) بولغان ئىسىملارمۇ يۇقىرىقىلارغا ئوخشاش. مەسىلەن: دار زيد، ثوب الرجل، ثوبى، ثوبه، ثوبك، غلامك، غلام من قام عندك، فرس هذا الرجل.

النكرة دېگىنىمىز، رجل، إمْرَأة دېگەنگە ئوخشاش پۈتكۈل ناتونۇش شەيئىلەرگە ئوخشاشلا ئىشلىتىلىدىغان ئىسىمدۇر.

31. **مذكر** (ئەر جىنس) ۋە **مونث** (ئايال شەخس) نى تونۇش.

سەمىگىزدە بولسۇنكى، **مؤنث** ئىسىمنىڭ ئۈچ خىل بەلگىسى بولىدۇ. ئۇلار: تۆتىنچى ئورۇندا كەلگەن سوزۇلما ئەلىف، مەسىلەن: **الحمراء، الصفراء.**

قىسقا ئەلىف. مەسىلەن: **الحبلى، الذكرى.**

توختىغاندا «هاء» ئوقۇلىدىغان «تاء» مەسىلەن: **الرحمة، البركة.**

شۇنىڭدەك قانداق ئىسىم بولۇشتىن قەتئىينەزەر ئۇنىڭدا بۇ بەلگىلەردىن بىرەرسى بولىدىكەن، ئۇ ئىسىم **مؤنث لفظي** بولىدۇ.

مەسىلەن: **أعجبتني الحمراء والصفراء ونفعتني الذكرى والبشرى ونزلت الرحمة والبركة.**

جۈپ ئەزالارنىڭ ھەممىسى **مؤنث** بولىدۇ. مەسىلەن: **اليدين** (ئىككى قول)، **الرجلين** (ئىككى پۇت)، **العينين** (ئىككى كۆز)، **الأذنين** (ئىككى قۇلاق)، **الخدين** (ئىككى مەڭىز)، **الحاجبين** (ئىككى قاش).

كۆپلۈك ئىسىملاردىن **جمع السلامة** دىن باشقا ھەممىسى **مؤنث** بولىدۇ. يۇقىرىقى بەلگىلەردىن خالىي كەلگەن ئىسىم، يادلىۋېلىنىدىغان قىياس قىلىنمايدىغان بىر قانچە ئىسىملاردىن باشقىلار مۇزەككەردۇر.

قىياس قىلىنمايدىغان ئىسىملار تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت:

**السماء، الأرض، الشمس، النار، النعل، الريح، الخمر، الحرب، العقرب، القوس، نفس، الدلو، البئر.**

32. **النداء** (چاقىرىق ھەرپى) ئۈچ تۈرلۈك بولىدۇ: يەككە **معرفة، مضاف، نكرة موصوف** (سۈپەتلەنگەن نەكىرە) بولىدۇ. يەككە

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



معرفة تەنۋىنسىز پىچ ئوقۇلىدۇ. مەسىلەن: يا زيد.
بۇنىڭدىكى «زيد» چاقىرىلغۇچى يەككە معرفة بولغانلىقى ئۈچۈن رفع ئوقۇلغان.
قوشۇمچە مىسال: «يَا نُوحُ اهْبِطْ، يَاثَمُوْدُ، يَانُوْحُ».
ئەگەر يەككە نەكىرە ئارقىلىق بىر كىشىنىڭ ئۆزىلا كۆزدە تۇتۇلسا، ئۇ رفع ئوقۇلىدۇ. مەسىلەن: يا رجل.
قوشۇمچە مىسال: قوله تعالى يَا جِبَالُ أَوبي مَعَهُ.
نداء ھەرپلىرى بەش بولۇپ، ئۇلار: يَا، أَيَا، هَيَّا، أَيْ، الهمزة.
الرجل، المــراة لاردەك ئەلىف، لام بار ھەر قانداق ئىسىم قاتارلىقلار چوقۇم «يَا أَيُّهَا» ياكى «يَا أَيَّتُهَــا» بىلەن چاقىرىلىدۇ.
مەسىلەن: يا أيها الرجل، يا أيتها المرأة.
قوشۇمچە مىسال: قوله تعالى يَا أَيُّهَا الإِنسَانُ.
يـــا ألله دېيىش توغرا: لېكىن يـــا أيهـــا الله دېيىش توغرا بولمايدۇ. چۈنكى «أيها» تەنبىھ ۋە كۆپلۈك ئۈچۈن قوللىنىلىدۇ. ئاللا كۆپ بولۇش ۋە تەنبىھتىن پاكتۇر.
المضاف تەنۋىنسىز نصب ئوقۇلىدۇ. مەسىلەن: يا عبد الله.
بۇنىڭدىكى «عبد» منادى مضاف بولغانلىقى ئۈچۈن نصـــب ئوقۇلغان. قوشۇمچە مىسال: قوله تعالى يَا أَهْلَ الْكِتَاب.
شۇنىڭدەك سۈپەتلەنگەن نەكىرە داۋاملىق نَصبَ ئوقۇلىدۇ. ئۇ پەقەت تەنۋىنلىك نصب ئوقۇلىدۇ. مەسىلەن: يا رجلا صالحا.
بۇنىڭدىكى «رجـــلا» المنـــادى بولۇپ، سۈپەتلەنگەن نەكىرە بولغانلىقى ئۈچۈن تەنۋىنلىك نصب ئوقۇلغان. «صالحا» «رجـــلا» نىڭ سۈپىتى بولغانلىقى ئۈچۈن نصب ئوقۇلغان.
قوشۇمچە مىسال: قوله تعالى يَا حَسْرَةً عَلَى الْعِبَاد.
ئەگە يەككە معرفة سۈپەتلەنسە، ئۇنىڭ سۈپىتىنى رفـــع ياكى

**نصب** ئوقۇلسا بولىدۇ. مەسىلەن: **يا زيد العاقل يا زيدا العاقل.**

**المنادى** نى **مضاف** بىلەن سۈپەتلىگەندە پەقەت ئۇنىڭ سۈپىتى **نصب** ئوقۇلىدۇ. مەسىلەن: **يا زيد صاحب الفرس.**

ئەگەر **مضاف** سۈپەتلەنسە ياكى سۈپەتلەنگەن نەكىرە ئىسىم سۈپەتلەنسە، پەقەت ئىككىسىنىلا **نصب** قىلىش كېرەك: مەسىلەن:

**يا عبد الله العاقل، يا رجلا صالحا عاقلا.**

33. **الترخيم** (قىسقارتىش). **الترخيم** پەقەت «نداء» تا كېلىدۇ. ئەگەر بىر ئىسىمنى قىسقارتىشقا توغرا كەلسە ئىسىمنىڭ ئاخىرىنى تاشلاش، تاشلانغان ھەرپىنىڭ ئالدىدىكى ھەرپىنى ئۆز ھەرىكىتىگە ئاساسەن قالدۇرۇپ قويۇشقا بولىدۇ. «**جعفر**» دە **يا جعف**، «**محمد**» دە **يا محم** دېيىلىدۇ.

«**عامر**» دا **يا عام** دېيىلىدۇ. يېنىكلەتكەندىن كېيىنكى ئىسىمنى **رفع** ئوقۇشقىمۇ بولىدۇ. مەسىلەن: **يا جعف، يا محم، يا عام.**

قوشۇمچە مىسال: **قوله تعالى وَنَادَوْا يَا مَالِ.**

بەزى قىرائەتلەردە «ل» دىكى پىچ بىللەَ كېلىدۇ.

ئەگەر ئىسىمنىڭ ئاخىرىدىن سانىغاندا ئىككىنچى ھەرپ ساكىنلىق ئەلىف بولۇپ، ئالدى زەۋەر بولسا ياكى ساكىنلىق «ۋاۋ» بولسا، ئۇنىڭ ئالدى پىچ بولسا ياكى ساكىنلىق «ياء» بولۇپ ئۇنىڭ ئالدى زىر بولسا ئىسىمنىڭ ئاخىرىدىكى ھەرپ بىلەن ئۇنى قالدۇرۇپ قويۇشقا ۋە قالدۇرۇپ قويۇلغان ھەرپىنىڭ ئالدىنى ئۆز ھەرىكىتى بويىچە ساقلاپ قېلىشقا بولىدۇ. مەسىلەن: «**عباس** » دا **ياعب** «**عنتريس**» دا **يا عنتر**، «**منصور**» دا **يا منص.**

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى www.uyghurkitap.com



تاشلانغاندىن كېيىن پەقەت ئىككى ھەرپلا بولسا، ئەلىف، واو، ياء تاشلانمايدۇ. مەسىلەن: «عمار» دا ياعما، «ثمود» دە يا ثمو، «سعيد» يا سعي قاتارلىقلار.

ئەگەر ئىسىم ئۈچ ھەرپلىك بولۇپ، ئۇنىڭ ئوتتۇرىسى ساكىن بولسا، مەسىلەن: يا زيد، يا عمر دېگەنگە ئوخشاش بولسا قىسقارتىلمايدۇ. ئەگەر ئوتتۇرىسى ھەرىكەتلىك بولسا ئۇمۇ قىسقارتىلمايدۇ. ئاخىرىدا پەقەت «مؤنث» نىڭ «تاء» سى بولسىلا قىسقارتىلىدۇ. مەسىلەن: «ثبة» دە ياثب، «عزة» دا يا عز.

34. الندبة (چاقىرىش). كىشى ئىسمىنى چاقىرغاندا ئاخىرىغا ئەلىف قوشۇپ قويۇلىدۇ. مەسىلەن: يَا زيدا رحمك الله. ئىسىمدا توختىغاندا، ئەلىفتىن كېيىن ھاء قوشۇپ قويۇلىدۇ. مەسىلەن: يا زيداه. ئۇنى وازيداه دېيىشكىمۇ بولىدۇ.

35. نعم (ئەجەب ياخشى) بئس (ئەجەب يامان) ئۇ ئىككىسى ئەلىف، لام كىرگەن ئىسىملارنى رفع قىلىدۇ ۋە ئەلىف، لام كىرگەن ئىسىملارغا مضاف بولغان ئىسىمنى رفع قىلىدۇ. ئەگەر ئۇ ئىسىمدىن ئەلىف، لام چۈشۈپ قالسا، ئۇ ئىسىمنى نصب قىلىدۇ، ئۇنىڭ خەۋىرىنى رفع قىلىدۇ. مەسىلەن: نعم الرجل زيد. «الرجل» «نعم» نىڭ ئىسمى بولغانلىقى ئۈچۈن رفع ئوقۇلغان. «زيد» «نعم» نىڭ خەۋىرى بولغانلىقى ئۈچۈن رفع ئوقۇلغان.

نعم غلام الرجل زيد، بئس غلام الرجل عمرو، بئس الرجل عمرو لارمۇ يۇقىرىقىلارغا ئوخشاشتۇر. قوشۇمچە مىسال: قوله تعالى بِئْسَ الاسْمُ الْفُسُوقُ بَعْدَ الْإِيْمَان، قوله تعالى وَنِعْمَ أَجْرُ الْعَاملِين

ئىسىم ئەلىف، لامسىز كەلسە، نعم رجلا زيد دېيىلىدۇ.

«رجلا» «نعم» نىڭ نەكرە ئىسمى بولغانلىقى ئۈچۈن نصب

ئوقۇلغان. «زيد» بولسا «نعم» نىڭ خەۋىرى بولغانلىقى ئۈچۈن نصب ئوقۇلغان.

«بئس رجلا عمرو» دېگەن جۈملىدە «رجلا» «بئس» نىڭ نەكىرە ئىسمىسى بولغانلىقى ئۈچۈن نصب ئوقۇلغان. «عمرو» «بئس» نىڭ خەۋىرى بولغانلىقى ئۈچۈن رفع ئوقۇلغان.

«حبذا» بولسا «نعم» گە ئوخشاش. «ساء» بولسا «بئس» گە ئوخشاش. مەسىلەن: حبذا رجلا زيد.

بۇنىڭدىكى «رجلا» «حبذا» نىڭ ئىسمى بولغانلىقى ئۈچۈن نصب، «زيد» «حبذا» نىڭ خەۋىرى بولغانلىقى ئۈچۈن رفع ئوقۇلغان. مەسىلەن: حبذا الرجل عمرو.

قوشۇمچە مىسال: قوله تعالى سَاء مَثَلا الْقَوْمُ الَّذِينَ كَذَّبُواْ بآيَاتنَا.

36. ما ھەرپى. ئەرەب تىلىدىكى «ما» توققۇز خىل مەنىدە بولۇپ، ئۇلار:

1) بولۇشسىز، مەسىلەن:قوله تعالى مَا أُرِيدُ مِنْهُم مِّن رِّزْقٍ وَمَا أُرِيدُ أَنْ يُطْعِمُون

2) ئىنكار، مەسىلەن: قوله تعالى وَمَا مُحَمَّدٌ إِلاَّ رَسُولٌ

3) خەۋەردىكى بولۇشلۇق «ما» . مەسىلەن:

قوله تعالى لا أَعْبُدُ مَا تَعْبُدُونَ

4) سوئال، مەسىلەن: قوله تعالى مَا سَلَكَكُمْ فِي سَقَرَ ؟

5) شەرت، مەسىلەن: قوله تعالى وَمَا تُقَدِّمُوا لأَنفُسِكُم مِّنْ خَيْرٍ تَجِدُوهُ عِندَ اللَّه

6) ۋاقىت توختىتىش، مەسىلەن:

قوله تعالى مَّا دَامُواْ فِيهَا فَاذْهَبْ أَنتَ وَرَبُّكَ

7) تەئەججۇپنى ئىپادىلەيدىغان «ما»، مەسىلەن:

قوله تعالى فَمَا أَصْبَرَهُمْ عَلَى النَّار!

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com



8) سۈپەت، مەسىلەن: قوله تعالى جُندٌ مَّا هُنَالِكَ.
9) مصدر مەسىلەن:قوله تعالى بِمَا غَفَرَ لِي رَبِّي أي بغفران ربي.
37. ما النافية (يوقاتقۇچى ما).
بولۇشسىز ئىسىمنىڭ «ما» سى ئىسىمنى رفع، خەۋرىنى نصب قىلىدۇ. مەسىلەن: مازيد قائما دېگەن «زيد» «ما» نىڭ ئىسمى بولغانلىقى ئۈچۈن رفع، «قائما» خەۋىرى بولغانلىقى ئۈچۈن نصب ئوقۇلغان، مەسىلەن: قوله تعالى مَا هَذَا بَشَرًا.
ئەگەر «ما» نىڭ خەۋىرى ئىسىمدىن بۇرۇن كەلسە ياكى خەۋىرىنىڭ ئالدىدا «إلاّ» كىرگۈزۈلسە ئۇنى رفع قىلىدۇ. مەسىلەن: ماقائم زيد ياكى مازيد إلاّ قائم.
قوشۇمچە مىسال: قوله تعالى وَمَا مُحَمَّدٌ إِلاَّ رَسُولٌ. ئۇنىڭ خەۋىرىگە «باء» نى كىرگۈزۈش بىلەن زىر ئوقۇلىسىمۇ بولىدۇ. مەسىلەن: مازيد بقائم.
قوشۇمچە مىسال: قوله تعالى وَمَا اللّهُ بِغَافِلٍ عَمَّا تَعْمَلُونَ
بۇ ھىجازلىقلارنىڭ شېۋىسى، بەنۇتەمىيم بولسا ھەرقانداق ئەھۋالدا خەۋىرىنى رفع قىلىدۇ. مەسىلەن: مازيد قائم.
ئۇلار (بەنۇتەمىم) ماقائم زيد دەيدۇ.
قۇرئان پەقەت ھىجازلىقلارنىڭ شېۋىسىدە نازىل بولغان.
38. لاء النافية للجنس(تەلتۆكۈس ئىنكار قىلغۇچى «لا»).
نكرة ئىسىمنى بولۇشسىز («لا» بىلەن بولۇشسىز) قىلماقچى بولغاندا، ئۇنى تەنۋىنسىز نصب قىلىش كېرەك. مەسىلەن: لارجل في الدار.
«رجل» بولسا «لا» نىڭ سەۋەبىدىن نصب ئوقۇلغان.
قوشۇمچە مىسال: قوله تعالى «لاَرَيْبَ فِيْهِ».
ئەگەر «لا» نى تەكرار كەلتۈرگەندە ھەر خىل ئوقۇشقا بولىدۇ:

1) ھەر ئىككىلىسىنى تەنۋىنسىز نەسب قىلىش.
مەسىلەن: لاَ حَوْلَ وَلاَ قُوَّةَ إلاَّ باللهِ الْعَلِيِّ الْعَظِيْم
قوشۇمچە مىسال: قوله تعالى فَلاَ رَفَثَ وَ لا فُسُوقَ وَ لا جِدَالَ
2) ھەر ئىككىلىسىنى تەنۋىنلىك رەفئ قىلىش. مەسىلەن:
لاحولٌ ولاقوةٌ.
قوشۇمچە مىسال: قوله تعالى لا بَيْعٌ فيهِ وَ لا خُلَّةٌ وَ لا شَفَاعَةٌ
3) بىرىنچىسىنى تەنۋىن بىلەن پەتھ، يەنە بىرسىنى تەنۋىن قىلىش، مەسىلەن: لاَحَوْلٌ وَلاَقُوَّةَ.
4) بىرىنچىسىنى تەنۋىنسىز رەفئ، يەنە بىرسىنى نەسب بىلەن پەتھ قىلىش، مەسىلەن، قوله تعالى لاَحَوْلَ وَلاَقُوَّةً.
5) بىرىنچىسىنى تەنۋىنسىز نەسب، يەنە بىرىنى تەنۋىن بىلەن نەسب قىلىش. مەسىلەن: قوله تعالى لاَحَوْلَ وَلاَقُوَّةً إلاَّ باللهِ.
ئەگەر «لا» بىلەن «نەفى» ئىسىمنىڭ ئارىسىنى بىر نەرسە بىلەن ئايرىشقا توغرا كەلسە، ئۇنى چوقۇم رەفئ قىلىش ۋە «لا» نى تەكرارلاش كېرەك. مەسىلەن: لا في الدار رجلٌ ولا إمْرَأَةٌ.
قوشۇمچە مىسال: قوله تعالى لا فيهَا غَوْلٌ وَ لا هُمْ عَنْهَا يُنْزَفُوْنَ
39. كَمْ (قانچە؟) «كَمْ» ئىككى تۈرلۈك بولىدۇ. بىرى، إستفهام، يەنە بىرى خەۋەر خاراكتېرىدىكى «كَمْ» دىن ئىبارەت.
ئەگەر إستفهام بولسا ئىسىمنى تمييز (پەرقلەندۈرۈش) گە ئاساسەن نەسب ئوقۇلىدۇ.
مەسىلەن: كم درهما مَالُكَ.
«الدرهم» «التمييز» گە ئاساسەن نەسب ئوقۇلغان. نەسب ئوقۇلغان ئىسىم تاشلىۋېتىشكىمۇ بولىدۇ. مەسىلەن: كم مالك.
ئەگەر «كم» خەۋەر خاراكتېرلىك بولسا مضاف دەپ قاراپ ئىسىمنى زىر ئوقۇلىدۇ. مەسىلەن، كم رجل لقيته.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



مضاف بولغانلىق ئۈچۈن «رجل» زىر ئوقۇلغان. «كم» نىڭ ئىسمى خەۋەر خاراكتېرلىك بولغاندا سوئال خاراكتېرلىك بولغاندىكىدەك نصب قىلىپ ئوقۇسىمۇ بولىدۇ. مەسىلەن: كم رجلا لقيته.

ئۇنىڭغا «من» نى كىرگۈزۈشكىمۇ بولىدۇ. مەسىلەن: كم من رجل لقيته.

قوشۇمچە مىسال: قوله تعالى كَم مِّن فِئَةٍ قَلِيلَةٍ غَلَبَتْ فِئَةً كَثِيرَةً وَ قوله تعالى وَكَمْ مِنْ قَرْيَةٍ أَهْلَكْنَاهَا.

ئەگەر «كَم» بىلەن ئىسمىنىڭ ئارىسىنى بىر نەرسە بىلەن ئايرىغاندا ئۇنى چوقۇم نصب قىلىش كېرەك. مەسىلەن: كم فى الدار رجلا لقيته.

«كأي» مۇ «كم» بىلەن ئوخشاشتۇر. ئۇ «من» دىن خالىي ئىشلىتىلمەيدۇ. مەسىلەن: كأين من رجل لقيته.

قوشۇمچە مىسال: قوله تعالى وَكَأَين مِّن قَرْيَةٍ عَتَتْ عَنْ أمر رَبِّهَا.

40. مذ، منذ (... دىن باشلاش) لار ئۆتۈپ كەتكەن ۋاقىت مەنىسى بار ئىسمىنى رفع قىلىدۇ. ھازىرقى تۇرۇۋاتقان ۋاقىت مەنىسى بار ئىسمىنى زىر قىلىدۇ. مەسىلەن: مارأيته منذ يوم الجمعة.

بۇ جۈملىدە «يوم» رفع ئوقۇلغان.

«منذ هذا اليوم» دېگەن جۈملىدە «يوم» زىر ئوقۇلغان. «مذ» مۇشۇنىڭغا ئوخشاش بولىدۇ. «منذ» زىرلىقتا كۆپرەك، «مذ» رفع لىكتە كۆپرەك كېلىدۇ.

41. حروف القسم (قەسەم ھەرپلىرى) الباء، الواو، التاء دىن ئىبارەت. بۇ ھەرپلەر قەسەم قىلىنغۇچىنى زىر قىلىدۇ. مەسىلەن: بالله لأفعلن كذا.

قەسەمنىڭ «الباء» سى بىلەن «الله» زېر ئوقۇلغان. قوشۇمچە مىسال: والله وتالله لأفعلن كذا.

«باء» پەقەت ئاشكارا بولسۇن ياكى مەخپىي بولسۇن قەسەم قىلىنغۇچىغىلا كىرىدۇ. يەنى بالله و به لأفعلن كذا.

ئەمما «واو» پەقەت ئاشكارا ئىسىمغىلا كىرىدۇ. يەنى: والله لأفعلن كذا.

دەپ كەلتۈرۈش توغرا بولمايدۇ.

قوشۇمچە مىسال: قوله تعالى وَالشَّمْسِ وَضُحَاهَا.

ئەمما «تاء» بولسا ئۇ پەقەت «الله» نىڭ ئىسمىغىلا كىرىدۇ. يەنى، تالله لأ فعلن كذا.

تالرحمن ياكى تالرحيم دەپ كەلتۈرۈش توغرا بولمايدۇ.

قوشۇمچە مىسال: قوله تعالى وَتَاللَّه لأَكِيدَنَّ أَصْنَامَكُم.

قەسەمنىڭ ھەرپىنى تاشلىۋېتىپ، قەسەم بولغان ئىسىمنى نصب قىلىپ الله لأ فعلن كذا دەپ، زېر قىلىشمۇ توغرا بولىدۇ. يەنى: الله لأفعلن كذا.

قەسەمگە تۆۋەندىكى تۆت نەرسىنىڭ بىرسى جاۋاب بولۇپ كېلىدۇ. يەنى ل، إنَّ، ما، لا دىن ئىبارەت.

«ل» بىلەن «إن» بولۇشلۇق جۈملىلەردە كېلىدۇ. يەنى والله إنَّ زيدا لقائم، والله لأفعلن كذا.

قوشۇمچە مىسال: قوله تعالى إِنَّ سَعْيَكُمْ لَشَتَّى ، قوله تعالى تَاللَّه لأَكِيدَنَّ أَصْنَامَكُم.

ئەمما «لا» بىلەن «ما» بولۇشسىز بولۇپ كېلىدۇ. مەسىلەن: والله ما فعلت كذا، والله لا أفعل كذا.

قوشۇمچە مىسال: قوله تعالى وَالنَّجْمِ إذا هَوَى مَا ضَلَّ صَاحِبُكُمْ وَمَا غَوَى .

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com



«ما» بىلەن «لا» نىڭ ئوتتۇرىسىدىكى پەرق شۇكى، «لا» پەقەت كەلگۈسى زامان پېئىلىنىلا كىرىدۇ. «ما» ئۆتكەن زامان پېئىلىغا كىرىدۇ ۋە بەزىدە «لا» ئۆتكەن زامان پېئىلىغىمۇ كىرىدۇ. شۇنداقلا بەزى ھاللاردا «ما» كېلىدىغان زامان پېئىلىغىمۇ كىرىپ قالىدۇ. مەسىلەن: قوله تعالى فَلا صَدَّقَ وَ لا صَلَّى، قوله تعالى مَا أُرِيكُمْ إِلا مَا أَرَى وَمَا أَهْدِيكُمْ إِلاَّ سَبِيلَ الرَّشَادِ.

42. حتى (غىچە، قىچە) بولسا ئىسىمنى زىر قىلىدۇ ۋە الفعل المضارع نى نصب قىلىدۇ. مەسىلەن: ضربت القوم حتى زيد.

«زيد» «حتى» نىڭ تەسىرى بىلەن زىر ئوقۇلغان.

قوشۇمچە مىسال: قوله تعالى هِيَ حَتَّى مَطْلَعِ الفجْرِ

الفعل المضارع نىڭ مىسالى: أزرك حتى تكرمني.

«تكرم» «حتى» نىڭ تەسىرى بىلەن نصب ئوقۇلغان.

قوشۇمچە مىسال: قوله تعالى حَتَّى يَسْمَعَ كَلامَ اللّه.

ئەگەر ئۇنى الفعل المضارع غا قويۇپ ۋە ئۇنىڭ بىلەن الفعل الماضى ئىرادە قىلىنسا ئۇ فعل نى پىچ ئوقۇش كېرەك. مەسىلەن: سرت إلَى الدار حتى أدخلها.

ئۇنىڭ مەنىسى «دخلتها» دېگەن بولىدۇ. قوشۇمچە مىسال: حَتَّى يَقُولَ الرَّسُولُ.

بەزى قىرائەتلەردە: «قال الرسول» دېگەن مەنىلەر بىلەنمۇ كېلىدۇ.

بەزىدە «حتى» ئىسىملاردا «عطف» نىڭ «واو» سى ئورنىدا بولىدۇ. مەسىلەن: جاء نى القوم حتى زيد.

«زيد» بولسا «القوم» غا «عطف» بولغانلىقى ئۈچۈن رفع ئوقۇلغان. ئۇنىڭ مەنىسى جاء نى القوم وزيد، رأيت القوم حتى زيدا، مررت بالقوم حتى زيد قاتارلىقلارمۇ يۇقىرىقىلارغا ئوخشاش.

43. إنَّ، أَنَّ (چوقـوم، شەكسـىز) ئەگـەر سـۆزنى «إنَّ» بىلـەن باشلىغانداً ياكى «قال» دىن كېيىن كەلتۈرگەندە ياكى قەسەمدىن كېيىن كەلتۈرۈلگـەندە ئـۇنى «إنَّ» دەپ زىـر ئوقـۇش كېـرەك. مەسىلەن: إنَّ زيدا قائم دېگەن جۈملىدە «إنَّ» ئوقۇلۇشى سۆزنىڭ «إن» بىلەن باشلانغانلىقى ئۈچۈندۇر. قوشۇمچە مىسال: قوله تعالى إنَّ اللّهَ غَفُورٌ رَّحِيمٌ

إنَّ زيدا قائم.

«إنَّ» «قال» دىن كېيىن كەلگەنلىكى ئۈچۈن زىر ئوقۇلىدۇ. مەسىلەن: قوله تعالى قَالَ إنَّهُ يَقُولُ إنَّهَا بَقَرَةٌ والله إنَّ زيدا قائم.

قەسەمدىن كېيىن كەلگەنلىكى ئۈچۈن «إنَّ» ئىشلىتىلىدۇ. مەسىلەن: قوله تعالى وَالْعَصْرِ إنَّ الإنسَانَ لَفِي خُسْرٍ.

ئەگەر سۆزلەرنىڭ ئوتتۇرىسىدا كەلسە ياكى «عِلْم» دىن كېيىن كەلسە ياكى «ظن» دىن كېيىن كەلسە ياكى «شهادت» تىن كېيىن كەلسە نصب ئوقۇلىدۇ. مەسىلەن: بلغني أنَّ زيدا قائم، علمت أنَّ زيدا قائم.

قوشۇمچە مىسال: قوله تعالى وَاعْلَمُواْ أَنَّ اللّهَ شَدِيدُالْعِقَاب

ظننت أن عمر قائم. قوله تعالى يَظُنُّونَ أَنَّهُم مُّلاَقُواْ رَبِّهِمْ. شَهِدَ اللّهُ أَنَّهُ لا إلَهَ إلاَّ هُوَ.

يۇقىرىقىلاردىن باشقا «إنَّ» نىڭ خەۋىرىگە «لام» كىرسە ئۇ چاغدا ئۇ زىر ئوقۇلىدۇ. مەسىلەن: علمت إنَّ زيدا لقائم. وَاللّهُ يَعْلَمُ إنَّكَ لَرَسُولُهُ

44. عسى (ئۈمىدكى) بولسا ئىسمىنى رفع قىلىدۇ. ئۇنىڭ خەۋىرى «أنْ» بىلەن كەلگەن كېلىدىغان زامان پېئىلى بىلەن بىرگە نصب ئوقۇلىدۇ. مەسىلەن: عسى زيد أنْ يفعل كذا.

قوشۇمچە مىسال: قوله تعالى عَسَى رَبُّكُمْ أَنْ يَرْحَمَكُمْ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى www.uyghurkitap.com



«أن» نى ئېلىپ تاشلاشقىمۇ بولىدۇ. يەنى: عسى زيد يفعل كذا (پىچ بىلەن).

«كاد» مۇ شۇنىڭغا ئوخشاش. مەسىلەن: كاد زيد يفعل كذا.

قوشۇمچە مىسال: قوله تعالى يَكَادُ الْبَرْقُ يَخْطَفُ أَبْصَارَهُمْ.

ئۇنىڭغا «أنْ» نى قوشۇشقىمۇ بولىدۇ. مەسىلەن: كاد زيد أنْ يفعل كذا.

«عسى» نىڭ خەۋىرىگە «ان» نىڭ كىرىشى تاشلىنىشىدىن ياخشى. «كاد» دە «ان» نىڭ تاشلىنىشى تۇرغىنىدىن ياخشىدۇر.

45. التعجب (ئەجەبلىنىش) ئوبيېكتى داۋاملىق نصب ئوقۇلىدۇ. مەسىلەن: ما أحسن زيدا يەنى أَيُّ شَيْءٍ أَحْسَنَ زيدا دۇر.

«زيدا» ئەجەبلىنىلگۈچى بولغانلىقى ئۈچۈن نصب ئوقۇلغان. قوشۇمچە مىسال: قوله تعالى فَمَا أَصْبَرَهُمْ عَلَى النَّارِ؟

تەئەججۇبنىڭ يەنە بىر خىل شەكلى بار. مەسىلەن: أحسن بزيد يەنى ما أحسن زيدا. ئۇنىڭ «لفظ» ئەمر. مەنىسى «تعجب» دۇر.

قوله تعالى «أَسْمِعْ بِهِمْ وَأَبْصِرْ؟» دېگەن «ما أسمعهم وما أبصرهم» دۇر.

46. الظرف (ئورۇن رەۋىشى). سەمىگىزدە بولىسۇنكى، «ظرف» بولسا ظرف الزمان، ظرف المكان دەپ ئىككى خىل بولىدۇ. ئۇ ئىككىسىدە «في» يوشۇرۇن بار دەپ قارىلىپ، ئىككىلىسىلا داۋاملىق نصب ئوقۇلىدۇ.

1) ظرف الزمان بولسا، اليوم، الليلة، الساعة، الشهر، السنة قاتارلىقلاردۇر. مەسىلەن: خرجت اليوم.

«اليوم» ظرف بولغانلىقى ئۈچۈن نصب ئوقۇلغان. قوشۇمچە

مىسال: قوله تعالى اَلْيَوْمَ تُجْزَى كُلُّ نَفْسٍ بِمَا كَسَبَتْ. ئۇنىڭ تۇرداشلىرىمۇ شۇنىڭغا ئوخشاش بولىدۇ.

2) ظرف المكان بولسا، قدام، أمام، خلف، تحت، يمين، شمال، بين، بعد، قبل ۋەھاكازالار. مەسىلەن: قمت خلفك و جلست أمامك.

«خلف» بىلەن «أمام» بولغانلىقى ئۈچۈن نصب ئوقۇلغان.

قوشۇمچە مىسال: قوله تعالى فَزَيَّنُوا لَهُم مَّا بَيْنَ أَيْدِيهِمْ وَمَا خَلْفَهُمْ.

ئۇلارنىڭ تۇرداشلىرىمۇ شۇنىڭغا ئوخشاش بولىدۇ.

47. الإستثناء (ئايرىش) ئەگەر بىر ھۆكۈمنى قەتئىيلەشتۈرۈپ، ئاندىن ئۇنىڭدىن يەنە بىر ئىسىمنى ئايرىغاندا المستثنى (ئايرىۋېلىنغۇچى) نصب ئوقۇلىدۇ. مەسىلەن: جاء نى القوم إلاَّ زيدا.

«زيدا» المستثنى بولغانلىقى ئۈچۈن نصب ئوقۇلغان. مىساللار: رأيت القوم إلاَّ زيدا، مررت بالقوم إلاَّ زيدا. مررت بالقوم إلاَّ زيدا. قوشۇمچە مىسال: قوله تعالى فَشَرِبُواَ مِنْهُ إلاَّ قليلا مِنْهُمْ.

بىر ئىسىمنى «نفى» قىلىپ، ئاندىن ئۇنىڭدىن بىر ئىسىمنى ئايرىپ چىقىشتا ئەگەر المستثنى تىلغا ئېلىنغان بولسا، نصب قىلىش ياكى بەدەل قىلىش ئىختىيار.

مەسىلەن: جاء نى القوم إلاَّ زيدا ــ إلاَّزيد.

قوشۇمچە مىسال: قوله تعالى مَّا فَعَلُوهُ إلاَّ قَلِيلٌ و إلاَّقليلا.

ئەگەر المستثنى تىلغا ئېلىنمىسا، ئۇ ئۆزىگە لايىق إعراب بىلەن ئوقۇلىدۇ. مەسىلەن: جاء نى إلازيد.

«زيد» نى فاعل غا لايىقلاشتۇرۇش يۈزىسىدىن رفع ئوقۇلىدۇ: ما رأيت إلاَّزيدا، ما مررت إلاَّ بزيد.

إستثناء ھەرپلىرى ئون بولۇپ، ئۇلار: إلاَّ، غَيْرُ، سِوَى، عَدَا، خَلاَ حَاشَا، مَاعَدَا، مَاخَلا، لَيْسَ، لاَ يَكُونُ دۇر.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com



«غير» نىڭ ھۆكۈمى «إلاّ» نىڭ ھۆكۈمىگە، إعراب ى «إلا» دىن كېيىن كەلگەن ئىسىمنىڭ «إعراب» ى غا ئوخشاشتۇر.
مەسىلەن: جاء نى القوم غير زيد، ما جاء نى القوم غير زيد، مامررت بغير زيد.

«سوى» بولسا، ئۆزىدىن كېيىنكى ئىسىمنى زىر قىلىدۇ.
مەسىلەن: جاء نى القوم سوى زيد.

حاشا، خلا، عدا قاتارلىقلار زىر ھەم نصب ئوقۇتىدۇ.
مەسىلەن:

جاء نى القوم حاشا زيدا ــ زيد، عدا زيدا ــ زيد، خلا زيدا ــ زيد.

ماخلا، ما عدا، ليس، لايكون قاتارلىقلار پەقەت زەۋەر ئوقۇتىدۇ. مەسىلەن، جاء نى القوم ماعدا زيدا، ما خلا عمروا، ليس خالدا، لايكو بكرا.

48. نون التاكيد (تەكىتنىڭ نۇنى) ئالتە ئورۇندا الفعل المضارع غا قوشۇلىدۇ.

يەنى، أمر (بۇيرۇق)، نهى (توسۇق)، دعاء (تىلەك)، إستفهام (سوراق)، «أما» بىلەن كەلگەن شەرت، «ل» بىلەن كەلگەن قەسەمنىڭ جاۋابىدىن ئىبارەت.

مفرد (يەككە سۆز) ئۈچۈن بولغان بۇيرۇقتا: إضربن، ئىككىلىك ئۈچۈن إضربا، كۆپلۈك ئۈچۈن إضربن.

مؤنث يەككە ئۈچۈن إضربن، مؤنث ئىككىلىك ئۈچۈن إضربان، مؤنث كۆپلۈك ئۈچۈن إضربنان.

يەككە نۇننىڭ ئالدىدىكى ھەرپ نصب ئوقۇلىدۇ. مۇزەككەرنىڭ كۆپلۈكىدە پىچ ئوقۇلىدۇ. مؤنث نىڭ يەككىدە زىر ئوقۇلىدۇ.

نهى نىڭ مىسالى: لا تضربن زيدا.
دعاء نىڭ مىسالى: اللهم اغفرن لنا.
شرط نىڭ مىسالى: أماتضربنه تضربك.
قەسەمنىڭ جاۋابىنىڭ مىسالى: واللە لأضربنه.
ئىككىلىك، كۆپلۈك، مؤنث تە يۇقىرىقىدەك ئىشلىتىلىدۇ.
يۇقىرىقىلارنىڭ ھەممىسىدە نۇننى زىر ئوقۇش ئىختىيار.
مەسىلەن: إضربن زيدا.
ئەمما ئۇنىڭ ئالدىدا ساكىنلىق ئەلىف بولسا زىر ئوقۇلمايدۇ. مەسىلەن: إضربن زيدا.
چۈنكى ئۇنى يېنىكلىتىش توغرا ئەمەس. ئەگەر نۇن التأكيد ئۈستىدە توختاشقا توغرا كەلسە، ئۇنىڭ ئالدىدىكى ھەرپ زەۋەر بولسا ئەلىف قا يۆتكىلىدۇ. پېش بولسا «واو» غا يۆتكىلىدۇ. زىر بولسا ياء غا يۆتكىلىدۇ. مەسىلەن: قوله تعالى وَلَيَكُونًا مِّنَ الصَّاغِرِينَ.
49. ألف الوصل (ئۇلانما ئەلىف) سەككىز تۈرلۈك ئىسىمدا ۋە شاخلايدىغان پېئىللاردىن توققۇز تۈرلۈك پېئىلدا ۋە بۇ توققۇزنىڭ بۇيرۇق ۋە مصدر (ھەرىكەتنام) شەكىللىرىدە بولىدۇ. يەنە ئۈچ ھەرپلىك پېئىلنىڭ بۇيرۇقىدا بولىدۇ. ئىسىملاردا: اثنان، اثنتان، ابن، ابنة، اسم، اسمة، امرو، امراة.
شاخلايدىغان پېئىللاردىن توققۇز شەكىل بار:
1) إنفعل، مەسىلەن: إنصرف.
2) إفتعل، مەسىلەن: إمتنع.
3) إستفعل، مەسىلەن: إستنصر.
4) إفعل، مەسىلەن: إحمر.
5) إفعال، مەسىلەن: إحمار.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



6) إفعول مەسىلەن: إجلود.

7) إفعوعل، مەسىلەن: إخشوشن.

8) إفعلل، مەسىلەن: إخشوشن.

9) إفعللل، مەسىلەن: إحرنجم.

بەزىدە «ألف الوصل» تفعل ۋە تفاعل شەكىللىرىگىمۇ كىرىدۇ. ئۇ چاغدا بۇ ئىككىسىنىڭ «تاء» ى «فـاء» گە كىرىشتۈرۈلگەن بولىدۇ. مەسىلەن: إطَّهَّــرَ ۋە إثّاقَــلَ. ئۇلارنىڭ بۇيرۇق شەكلى: انصرف ۋە امتنع. ئۇلارنىڭ مصدرلىرى: انصرافا، امتناعا دۇر.

ئۈچ ھەرپلىك پېئىلنىڭ بۇيرۇقى إذهــب، أطلــب، إعلــم، إضرب...

يۇقىرىقىلار ئەگەر ئەلف بىلەن باشلانسا ئۇ زىر ئوقۇلىدۇ. ئەمما، «ع» غا تەشداش ھالدا پەيچ بولغان بۇيرۇق بۇنىڭ سىرتىدا، ئۇنىڭ ئەلىف ى پەيچ ئوقۇلىدۇ. مەسىلەن: أكتب، أنصر.

ئەگەر يۇقىرىقى ئەلىف نى ئالدىدىكى سۆز بىلەن ئۇلىغاندا ئەلىف تەلەپپۇزدا چۈشۈپ قالىدۇ. مەسىلەن: هذا إســم مكتــوب، كتبت إسمه.

ئەلىف ئالدىدىكى سۆزگە باغلانغىنى ئۈچۈن تەلەپپۇز قىلىنمىغان. باشقىلىرىنىڭ مىسالىمۇ يۇقىرىقىلارغا ئوخشاش. قوشۇمچە مىسال: قوله تعالى بِئْسَ الإسْمُ الْفُسُوقُ بَعْدَ الْإِيْمَان معرفــة نىڭ «ل» بىلەن كەلگەن «اَلرجل» دىكى ئەلىف ۋە «اَيم اَللهِ» نىڭ ئەلىفىمۇ ألف الوصل دۇر. ئەمما، ئۇ ئىككىسى بىلەن باشلىغاندا ئىككىسى زەۋەر ئوقۇلىدۇ.

مەسىلەن: الرجل جاءى، أيم الله لقد فعلت كذا.

50. أسمــاء العــدد (ساناق سانلار) ئىككى تۈرلۈك بولىدۇ. بىرسى، «معدود» غا «مضاف» بولىدۇ: يەنە بىرى، سانالغۇچىنى

ئىزاھلايدۇ.

«معدود» غا «مضاف» بولىدىغىنى ئىككى قىسىمغا بۆلۈنىدۇ. ئۇ ئىككىسىنىڭ بىرسى، كۆپلۈككە «مضاف» بولىدۇ. يەنە بىرسى، يەككە ئىسىمغا «مضاف» بولىدۇ. «جمع» كە «مضاف» بولىدىغىنى ئۈچتىن ئونغىچە. مەسىلەن: مائة رجل، ألف درهم.

يەككىلىككە «مضاف» بولىدىغىنى بولسا يۈز ۋە يۈزدىن چوڭ سانلار. مەسىلەن: مائة رجل، ألف درهم.

«معدود» نى ئىزاھلايدىغانلىرى 11 دىن 99 غىچە دۇر. بۇ مۇرەككەپ سان ۋە معطوف دىن ئىبارەت ئىككى تۈرلۈك بولىدۇ.

مۇرەككەپ سان بولسا 11 دىن 19 غىچە. مەسىلەن: أحد عشر رجلا.

معطوف بولسا 21 دىن 100 غىچە. مەسىلەن: جاء ني أحد وعشرون غلاما، رأيت إحدى وعشرين جارية.

ئۈچتىن ئونغىچە مۇزەككەر تاء بىلەن سانىلىدۇ. ئۈچتىن ئونغىچە مؤنث تاء سىز سانىلىدۇ. مەسىلەن: ثلثة رجال، ثلث نسوة.

العشرة ۋە العشر لارمۇ ئوخشاش. قوشۇمچە مىسال: قوله تعالى سَبْعَ لَيَالٍ وَثَمَانِيَةَ أَيَّامٍ.

ئەگەر مۇرەككەپ سانغا يەتسە مۇزەككەر ۋە مؤنث20 دىن 90 غىچە باراۋەر بولىدۇ. مەسىلەن: عشرين رجلا، تسعين إمْرَأَة.

ئەگەر ئوندىن ئاشقاندا مۇزەككەردە أحد عشر رجلا، إثنا عشر رجلا دېيىلىدۇ. مونث تە بولسا: إحدى عشرة إمْرَأَة، إثنتا عشرة إمْرَأَة.

قوشۇمچە مىسال: قوله تعالى إِنِّي رَأَيْتُ أَحَدَ عَشَرَ كَوْكَبًا، قوله

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



تعالى فَانفَجَرَتْ مِنْهُ اثْنَتَا عَشْرَةَ عَيْناً.

پارچە ساندا تاكى ئونغىچە تاء قوشۇلىدۇ، ئەمما «عشرة» دىن ئېلىۋېتىلىدۇ. 13 تىن 19 غىچە مۇرەككەپ سانلاردا «عشرة» نىڭ «تاء» سى ئېلىۋېتىلىدۇ. قالغان بىر قانچە ساناقتا ئۇ ئېلىۋېتىلىدۇ. 13 تىن 19 غىچە سانلاردا «عشرة» گە «تاء» قوشۇلىدۇ. مەسىلەن: جاء نى ثلثة عشر رجلا، ثلث عشرة إمْرَأة، رأيت ثلثة عشر رجلا، ثلث عشرة إمرأة، مررت بثلثة عشر رجلًا، ثلث عشرة إمرأة. قوشۇمچە مىسال: قوله تعالى عَلَيْهَا تسْعَةَ عَشَرَ.

ئىككى ساناق سانىنى رفع، نصب، جر لىك ھالەتلەردە بىر ئىسىم قىلىنغانلىقى ئۈچۈن زەۋەر ئوقۇلىدۇ.

ئۇ ئىككىسى رفع لىكتە ئەلىف بىلەن، نصب دە ۋە جر دە «ياء» بىلەن بولىدۇ.

رفع لىكى: إثنا عشر، إثنتا عشرة إمرأة. قوشۇمچە مىسال: قوله تعالى فَانفَجَرَتْ مِنْهُ اثْنَتَا عَشْرَةَ عَيْناً.

نصب لىكى: اثني عشر رجلا، اثنتى عشر إمْرَأة. قوشۇمچە مىسال: قوله تعالى وَقَطَّعْنَاهُمُ اثْنَتَيْ عَشْرَةَ أَسْبَاطًا أُمَمًا.

جردە مررت بإثنى عشر رجلا، إثنتى عشرة إمرأة.

ئەمما «معدود» بىلەن ئىزاھلىنىدىغىنى بولسا تەپسىرگە ئاساسەن نصب ئوقۇلىدۇ. يەنى «جاء نى أحد و عشرون رجلا» دىكى «رجلا» تەپسىرگە ئاساسەن نصب ئوقۇلغان. قالغانلىرى تاكى يۈزگىچە ئاشۇنداق بولىدۇ. قوشۇمچە مىسال: قوله تعالى إنَّ هَذَا أَخِي لَهُ تِسْعٌ وَتِسْعُونَ نَعْجَةً.

51. غير منصرف (ئاخىرى يېرىم ئۆزگىرىدىغان ئىسىم).

ئىسىم ئىككى قىسىمغا بۆلۈنىدۇ. ئۇنىڭدىن معرفة ۋە نكرة ھالەتتە غير منصرف بولىدىغان ئىسىملار بار. يەنە معرفة ھالەتتە

غير منصرف بولىدىغان ۋە نكىرة ھالەتتە منصىرف بولىدىغان ئىسىملارمۇ بار. ئۇلار بولسا «أفعل» ۋەزنىدىكى سۈپەت ئىسىملاردۇر. ئۇنىڭ مونىث شەكلى «فعلاء» ۋەزنىدە بولىدۇ. مىساللار: احمر حمراء، هو أفضل من زيد، أفضل من زيد و أكرم من عمرو. يەنە «فعلان» ۋەزنىدىكى مۇزەككەر سۈپەت ئىسىملاردا ئۇنىڭ مؤنث لىكى ۋەزنىدە بولىدۇ. مەسىلەن: عطشان، عطشى.

ۋە ئاخىرىدا مونث نىڭ ممدود (سوزۇلما) ئەلىفى بولغان ياكى مونىث نىڭ ئەلىف مقصور(قىسقا) بولغان يەككە ۋە كۆپلۈك ئىسىملاردۇر. مەسىلەن: حمراء، حبلى، علماء، جرحى.

ۋە ئۈچىنچى ھەرپى ئەلىف ۋە ئەلىفتىن كېيىن ئىككى ياكى ئۇنىڭدىن ئارتۇق ھەرپ بولغان كۆپلۈك ئىسىملار بولسا ئۇنىڭ ئوتتۇرىسى دائىم ساكىن ياكى تەشدىدلىك ھەرپ بولىدۇ. مەسىلەن، دارهم، دنانير، دواب. بۇلار معرفة، نكىرة لىكتە غىير منصرف بولغان ئىسىملاردۇر. مەسىلەن: مررت بأحمر.

«احمر» جرّ لىك ئورنىدا نصب ئوقۇلغان، چۈنكى ئۇ معرفىة، نكرة لىكتە غير منصىرف دۇر. يۇقىرىقىلاردىن باشقىلارمۇ مۇشۇ قائىدە بويىچە بولىدۇ.

قوشۇمچە مىسال: قوله تعالى يَعْمَلُونَ لَهُ مَا يَشَاءُ مِن مَّحَارِيبَ وَتَمَاثِيلَ.

ئەمما معرفة، نكرة لىكتە غير منصىرف بولىدىغان ئىسىملار بولسا، كەلگۈسى زامان پېئىلى ۋەزنىدىكى ئىسىملار بولسا (مەسىلەن: يريد، يشكر) ئاخىرىدا مونىث نىڭ بولغان ئىسىملار (مەسىلەن: حمزة، طلحة). مونث ئۇقۇمىغا ئىگە بولغان ئىسىملار بولسا (مەسىلەن: زينب، مريم، هند، رعد)، ئۇنىڭدا منصرف قىلىش ياكى غىير منصىرف قىلىشقا بولىدۇ. ساپ ئەرەبچە بولمىغان

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



ئىسىملار: إبراهيم، إسمعيل ۋە ئاخىرىدا زىيادە ئەلىف نۇن بار ئىسىملار: مەسىلەن: عمران، عثمان ۋە فاعل، فعل دىن ئۆزگەرگەن ئىسىملار. (مەسىلەن، عمر، زفر). ساناقلاردىن بىردىن تۆتكىچە ئۆزگەرتىلگەن ئىسىملار (مەسىلەن: احاد، موحد، ثناء، مثنى ثلث، مثلث؛ رباع، مربع قوشۇمچە مىسال: قوله تعالى «مَثْنَى وَثُلَاثَ وَرُبَاعَ»، بىرىكتۈرۈلگەن ئىسىملار (مەسىلەن: معد يكرب، بعلبك) شۇنىڭدەك، قەبىلىلەرنىڭ، سۈرىلەرنىڭ، شەھەرلەرنىڭ، تۈزلەڭلىكلەرنىڭ ئىسىملىرى ئاشۇنداق بولىدۇ. ئەگەر مونث نى ئىرادە قىلغاندا. مەسىلەن: ثمود، بغداد، مكة، هرات، كهيعص، يس. بۇلار معرفة لىكتە، غير منصرف، نكرة لىكتە منصرف بولغان ئىسىملاردۇر. مەسىلەن: مررت بابراهيم و ابراهيم اخر.

بىرىنچىسى ئىسىم بولغىنى ئۈچۈن غير منصرف، ئىككىنچىسى نكرة بولغىنى ئۈچۈن منصرف بولغان. قوشۇمچە مىسال: قوله تعالى «اهْبِطُواْ مِصْرا». قوشۇمچە مىسال: قوله تعالى «ادْخُلُواْ مِصْرَ».

يۇقىرىقىلاردىن باشقىلارمۇ مۇشۇ خىل قائىدىگە ئاساسەن بولىدۇ.

ئەگەر غير منصرف ئىسىمغا ئەلىف، لام كىرسە ياكى مضاف بولسا، ئۇ منصرف بولىدۇ. مەسىلەن: مررت بالأحمد وبعمركم وعثماننا.

قوشۇمچە مىسال: قوله تعالى أَلَيْسَ اللَّهُ بِأَحْكَمِ الْحَاكِمِينَ؟

غير منصرف دىگەن سۆزنىڭ مەنىسى تەنۋىن بولمايدۇ. زىر ئورنىدا نصب بولىدۇ، دىمەكتۇر.

52. الموصول (ئۇلانما ئىسىم) اَلَّذِىْ، اَلَّتِى، مَنْ، مَا، أَيٌّ قاتارلىقلاردۇر. بۇ ئىسىملار صلة (ئۇلىغۇچىسى) بىلەن ۋە بىر

ضمير نىڭ قايتىشى بىلەن تولۇق ئىسىم بولىدۇ. ئۇنىڭ صلة سى ئۈچ نەرسىنىڭ بىرسى بولىدۇ:

1) **فعل** . مەسىلەن: **جاء نى الذى قام والذى يقوم**.

2) **ظرف**. مەسىلەن: **والذى عندك**.

3) **جملة إسمية**. مەسىلەن: **الذى أبوه قائم**.

«**الذى**» **إسم موصول** بولۇپ، ئۇنىڭ كەينىدە كەلگەن ئىسىم صلة سى بولىدۇ. مەسىلەن: **قوله تعالى صِرَاطَ الَّذينَ أنعَمتَ عَلَيهِمْ**.

ئۇنىڭ تۇرداشلىرىمۇ مۇشۇ قائىدە بويىچە بولىدۇ.

53. **التصغير** (ئىسىمنى كىچىكلىتىش). ئۈچ ھەرپلىك بىر ئىسىمنى كىچىكلىتىش ئۈچۈن ئۇنىڭ بىرىنچى ھەرپى پىچ، ئىككىنچى ھەرپى زەۋەر ئوقۇلىدۇ. ئىككىنچى ھەرپىدىن كېيىن كىچىكلىتىلگەنلىكىنىڭ «يـاء» سى قوشۇلىدۇ. «**فلـس**» كىچىكلىتىلگەندە «**فليس**»، «**رجل**» دا، **رجيل** دېيىلىدۇ.

قوشۇمچە مىسال: **قوله تعالى يَا بُنَيَّ ارْكَب مَّعَنَا**.

ئەگەر ئىسىم تۆت ھەرپلىك بولسا كىچىكلىتىلگەنلىكىنىڭ بەلگىسى بولغان «ياء» نىڭ ئارقىسى زىر ئوقۇلىدۇ. مەسىلەن: «**درهم**» دا **دريهم**، «**جعفر**» دا **جعيفر** دېيىلىدۇ. ئەگەر ئىسىم بەش ھەرپلىك بولسا ئۇنىڭدا ئىختىيار. ھەرپىنىڭ ئاخىرىنى تاشلىسىمۇ، مەسىلەن: «**سفرجل**» دە **سفيرج**؛ تۆتىنچى ھەرپىنى تاشلاپ **سفيرل**، تاشلانغان ھەرپىنىڭ ئورنىغا «يـاء» نى قوشۇپ **سفيريج** ۋە **سفيريل** دېسىمۇ بولىدۇ. ئەگەر ئىسىم بەش ھەرپلىك بولسا تۆتىنچى ھەرپى ئەلىف ياكى واو ۋە ياكى يـاء بولسا. واو بىلەن ئەلىف يـاء غا يۆتكىلىپ، «يـاء» نى ئەسلى بويىچە قالدۇرۇلىدۇ. مەسىلەن: «**عصفور**» نى **عصيفير**، «**دينار**» نى، **دنينير** «**قنديل**» **قنيديل** دەپ ئوقۇيمىز.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



54. النسبة (تەۋەلىك ئىسىم) دېگەن بىر ئىسىمنى ئۆز ھالىتىدە مۇقىملاشتۇرۇش ۋە ئۇ ئىسىمنىڭ ئاخىرىغا تەشدىدلىك ياء نى قوشۇش ۋە ياء نىڭ ئالدىدىكى ھەرپنى زىر قىلىشتۇر. «عمر» گە نىسبەت بەرگەندە «عمري» ۋە «جعفر» گە نىسبەت بەرگەندە «جعفري» دېيىلىدۇ.

ئەگەر «فعيل» ۋەزنىدىكى ئىسىم (مەسىلەن: ثقيب) ياكى «فعيلة» ۋەزنىدە (مەسىلەن: ربيعة) ياكى «فعيل» ۋەزنىدە (مەسىلەن: قريش) ياكى فعيلة ۋەزن (مەسىلەن: جهينة) قاتارلىقلاردا ياء نىڭ تاشلىنىشى ۋە ساقلىنىپ قېلىشى توغرا. مەسىلەن: «ثقيف»غا نىسبەت بەرگەندە «ثقيفي» دېيىلىدۇ. ئەگەر ثقفي دېيىلمۇ بولىدۇ. ئۇنىڭ تۇرداشلىرىمۇ يۇقىرىقى قائىدىگە ئاساسەن بولىدۇ.

55. الجمع (كۆپلۈك ئىسىم) ئىككى تۈرلۈك بولىدۇ. بىرى، جمع قلة، يەنە بىرى جمع كثرة. جمع قلة بولسا ئون ۋە ئوندىن كىچىك ئۈچكىچە بولغان سانلاردۇر. ئۇنىڭ تۆت مىسالى بار ئۇلار: افعل، افعال، افعلة، فعلة دىن ئىبارەت.

افعل يەككە بولغاچقا فعل ۋەزنىدە بولىدۇ. مەسىلەن: فلس افلس، كلب اكلب.

افعال ۋەنى بولسا فعل فعل ۋەزنىدە بولىدۇ. مەسىلەن: قفل أقفال، جذع أجذاع، جبل أجبال.

افعلة، فعلة ۋەزنى تۆت ھەرپلىك بولغاچقا (شۇنداق بولغان چاغدا) ئۇنىڭ ئۈچىنچى ھەرپى واو ياكى ياء ياكى ئەلىف بولىدۇ. مەسىلەن: عمود أعمدة، قفيز أقفزة، غلام غلمة، صبي صبية. بۇلار ئۈچتىن ئونغىچە بولغان كۆپلۈكنى بىلدۈرىدۇ.

جمع الكثرة بولسا ئۇنىڭ مىساللىرى كۆپ بولۇپ، ئۇلار:

**فعول، فعال، فعلان، فعلان** دۇر. مەسىلەن: **فلوس، كلاب، غربان، قضبان**.

56. **التاء** (تاء ھەرپى).

تاء ئىككى تۈرلۈك بولىدۇ. بىرى، ئەسلى تاء بولىدۇ. يەنە بىرى، كۆپلۈكنىڭ **تاء** سى بولىدۇ. ئەسلى **تاء** بولسا «**الأصوات**» دىكى **تاء** دۇر. بۇ **تاء رفع، نصب** ۋە زىر ئوقۇلىدۇ. چۈنكى ئۇ «**وحدة**» تىكى **تاء** دۇر.

كۆپلۈكنىڭ **تاء** سى بولسا «**عمات**» «**اخوات**» نىڭ **تاء** سىگە ئوخشاش. بۇ **تاء رفع** ۋە زىر ئوقۇلىدۇ. لېكىن، **نصب** ئوقۇلمايدۇ. چۈنكى ئۇ كۆپلۈكنىڭ **تاء** سىدۇر. كۆپلۈكنىڭ **تاء** سى دېگەنلىك «**الصوت**» دە «**الأصوات**» نىڭ «**تاء**» سىدەك سۆزنىڭ يەككە شەكلىدە كەلمەيدۇ. **اصوات** نىڭ ۋەزنى **افعال** ۋە **الأخوات** نىڭ **فعلات** ۋەزنىدۇر. **الأخوات** دىكى **تاء لفظ** دە ۋە ۋەزنىدە ئايرىلماي كېلىدۇ. ئەمما «**الأصوات**» دىكى **تاء** بولسا **لفظ** دە بولۇپ ۋەزنىدە بولمايدۇ. ئۇنىڭ ۋەزنى **افعال** دۇر. ئۇنىڭدىكى **تاء** چۈشۈپ قالىدۇ: چۈنكى ئۇ بۇ يەردە پېئىلنىڭ «**لا**» سىنىڭ ئورنىدا.

57. **النون** (نۇن ھەرپى) دېگەن يەككە ئىسىمدا، ئىسىمنىڭ ئاخىرىدا بولىدۇ. مەسىلەن: **سرحان، مسكين**. ئەگەر كۆپلۈككە ئۆزگەرتىلگەندە: **هذا سراحين و مساكين، رأيت سراحين و مساكين** دېيىلىدۇ، **مررت بسراحين و مساكين** دېيىلىدۇ. ئۇ **رفع** ۋە **نصب** ئوقۇلىدۇ. لېكىن زىر ئوقۇلمايدۇ. بۇ نۇن «**زيدين، مسلمين**» لار قوشۇلىدىغان نۇنغا ئوخشىمايدۇ. چۈنكى ئۇ كۆپلۈكنىڭ نۇنىدۇر. كۆپلۈكنىڭ نۇنى پەقەت **نصب** بولىدۇ. «**السراحين، المساكين**» لاردىكى نۇن ئەسلىدە بار نۇن بولۇپ، ئۇنىڭغا زەۋەر لازىم بولمايدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



## قوشۇمچە:

# ئۇيغۇر ۋە ئەرەب تىلى گىراماتىكىسىدا كۆپ ئۇچرايدىغان ئاتالغۇلار سېلىشتۇرمىسى

ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ، ھۆرمەتلىك قېرىنداشلار ! ئەستە تۇتۇش لازىمكى ، ھەرقانداق بىر كىشى ئۆزگە بولغان بىر تىلنى ئۆگەنمەكچى بولىدىكەن ، ئۇ ئالدى بىلەن ئۆزىنىڭ ئانا تىلىنى ۋە ئۇنىڭ قائىدە – قانۇنىيەتلىرىنى پۇختا ئىگىلەپ ، ئۆگەنمەكچى بولغان ئۆزگە تىل بىلەن سېلىشتۇرۇپ ئۆگىنىش كېرەك . شۇنداق قىلغاندا ، ئۆزگە تىل ۋە ئۇنىڭ قائىدە – قانۇنىيەتلىرىنى ئاسان ئىگىلەشكە ، مۇستەقىل تەھلىل يۈرگۈزۈشكە ۋە ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىش قابىلىيىتىنى يېتىلدۈرۈشكە زور ياردىمى بولىدۇ . ئۆز ئانا تىلىنى پۇختا بىلمەي تۇرۇپ، باشقا بىر تىلنى ياخشى ئۆگىنىش ئەسلا مۇمكىن ئەمەس . شۇڭا ، ئەرەب تىلى ئۆگەنگۈچى قېرىنداشلىرىمىزنىڭ دىققىتىگە تۆۋەندىكى ئۇيغۇر ، ئەرەب تىللىرى گىراماتىكا سېلىشتۇرمىسىنى سۇنىمىز .

ئۇيغۇر ۋە ئەرەب تىللىرى ئوخشاشمىغان تىل سىستېمىلىرىغا تەۋە تىللار بولۇپ ، بۇ تىللار ئۇزۇن يىللار مابەينىدە شەكىللەندۇرگەن نۇرغۇن ئالاھىدىلىكلەر ، جۈملىدىن فونېتىكا ، لېكسىكا ۋە گىراماتىكا جەھەتلىرىدىكى

خۇسۇسىيەتلىرى بىلەن بىر - بىرىدىن خېلى زور دەرىجىدە پەرقلىنىدۇ. بۇنداق پەرقلەر ئەڭ ئاساسىي تىل بىرلىكلىرىدىن تارتىپ جۈملە قۇرۇلمىلىرىغىچە ئىپادىلىنىپ تۇرىدۇ. دەل مۇشۇ سەۋەبلەر ئۇيغۇرلارنىڭ ئۇيغۇر تىلى گرامماتىكىسى ھەققىدىكى بىلىمىنى ئاساس قىلغان ھالدا ئەرەب تىلىنى ئۆگىنىشىدىمۇ نۇرغۇن قىيىنچىلىقلارنى پەيدا قىلىدۇ. ئەلۋەتتە، ئۇيغۇر تىلى قائىدىسى ھەققىدە سىستېمىلىق چۈشەنچىگە ئىگە بولمىغان كىشىلەر ئۈچۈن ئېيتقاندا، ئەرەب تىلىنى ئۆز قائىدىسى بويىچە تولۇق بىلەن ئىگىلەش تېخىمۇ مۇشكۈل.

بىز يۇقىرىدا چۈشەندۈرۈپ ئۆتكەن ئەرەب تىلى گرامماتىكىسىدىكى ئەڭ ئاساسلىق قائىدىلەرنى ئەرەب تىلى ئۆگەنگۈچىلەرنىڭ ئۇيغۇر تىلى ھەققىدىكى چۈشەنچىسىگە لايىقلاشتۇرۇش ئۈچۈن، مەزكۇر ئىككى تىلدىكى گرامماتىكىلىق پەرقلەرنى تۆۋەندىكى ئۈچ نۇقتا بويىچە قىسقىچە تونۇشتۇرۇپ ئۆتىمىز:

## 1. سۆز تۈركۈملىرىدىكى پەرق

سۆز تۈركۈملىرى—تىلدىكى سۆزلەرنى بىلدۈرىدىغان مەنىلىرى ۋە ئۆزىگە خاس گرامماتىكىلىق خۇسۇسىيەتلىرىگە قاراپ ئايرىشتىن كېلىپ چىققان گرامماتىكىلىق – لېكسىكىلىق تۈپلامدىن ئىبارەت.

روشەنكى، ھەر بىر سۆزنىڭ قايسى سۆز تۈركۈمىگە تەۋە ئىكەنلىكىنى ئېنىقلاشتا شۇ سۆزنىڭ بىلدۈرىدىغان مەنىسى، جۈملىدە ئۆتەيدىغان ۋەزىپىسى، شۇنداقلا قۇرۇلما ئالاھىدىلىكى ئېتىبارغا ئېلىنىدۇ. ھەر قانداق بىر تىلدىكى سۆزلەر

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



سىماتىكىلىق ، مورفولوگىيىلىك ۋە گراماتىكىلىق پرىنسىپلار بويىچە مەلۇم تۈركۈملەرگە ئايرىلىدۇ . گەرچە مۇتلەق كۆپ قىسىم تىللاردىكى تۈركۈملەرگە بۆلۈش پرىنسىپلىرى ۋە سۆز تۈركۈملىرى ئوخشاش بولسىمۇ ، بىراق سۆزلەرنى يەنىمۇ ئىنچىكىلەپ تۈركۈملەرگە بۆلۈش ئۇسۇلى ۋە ھەرقايسى تىللارنىڭ خۇسۇسىيەتلىرى ئوخشاش بولمىغاچقا، سۆزلەرنى تۈركۈملەرگە بۆلۈشتىن كېلىپ چىققىدىغان نەتىجە دېگەندەك ئوخشىشىپ كەتمەيدۇ .

ئالدىنقى سەھىپىلەردە ئېيتىلغاندەك ، ئەرەب تىلىدىكى سۆزلەر چوڭ جەھەتتىن ئىسىم ، پېئىل ، ھەرپ (قوشۇمچىلار) قاتارلىق ئۈچ تۈرگە بۆلۈنىدۇ . بۇ تىلدىكى ئەڭ ئاساسىي پرىنسىپلار بويىچە بۆلۈشنىڭ نەتىجىسى بولۇپ ، يۇقىرىقىلار ئىچىدە ئىسىملار بىلەن ھەرپلەر تېخىمۇ ئىنچىكە تۈركۈملەرگە ئايرىلىدۇ . پېئىللار بولسا تۈركۈمگە ئايرىلمايدىغان سۆزلەردۇر .

ئۇيغۇر تىلىدا ئوخشاشلا سۆزلەر ئالدى بىلەن ئىسىم ، پېئىل ۋە ياردەمچى سۆزلەر قاتارلىق ئۈچ تۈرگە بۆلىنىدۇ . ئاندىن تىل ئۆگىنىش ۋە تىل تەتقىقاتىنىڭ ئېھتىياجى ۋە تىل ئادىتى بويىچە ئىسىملار ئۆز ئىچىدىن ئىسىم ، سۈپەت ، سان ، رەۋىش ۋە ئالماشتىن ئىبارەت سۆز تۈركۈملىرىدىن تەشكىل تاپىدۇ . ياردەمچى سۆزلەر بولسا ئۆز ئىچىدىن تىركەلمىلەر (سۆز ئارقا قوشۇمچىلىرى) ، باغلىغۇچىلار ۋە ئۈلانمىلار دەپ ئۈچ تۈركۈمگە بۆلىنىدۇ . دېمەك ، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى سۆز تۈركۈملىرى تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت : ئىسىم ، سۈپەت ، سان ، ئالماش ، پېئىل ، رەۋىش ، تىركەلمىلەر (سۆز ئارقا ياردەمچىلىرى) ، باغلىغۇچىلار ، ئۈلانمىلار ، ئىملىقلار ، ئۈندەش سۆزلەر (قىسمەن كىتابلاردا ئۇيغۇر تىلىدىكى سۆز تۈركۈملىرى 12گە ئايرىلغان بولۇپ ، يۇقىرىقى بۆلۈش بىلەن

پەرقى كۆپ بولمىغاچقا بۇ ھەقتە توختالمايمىز).
كۆرۈنۈپ تۇرۇپتىكى، ئەرەب تىلىدىكى سۆزلەر يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا تۈركۈملەرگە ئاجرىتىلمىغان بولۇپ، ئەرەب تىلىدا ئىسىم ئوخشاشلا ئىسىم، سۈپەت، سان، ئالماش ۋە ئىسىمداش (ھەرىكەتنام) قاتارلىق تۈرلەرگە بۆلىنىدۇ. ھەرپلەر بولسا ئالدى قوشۇلغۇچىلار (مەسىلەن، **من الى، منذ**... دەك)، باغلىغۇچىلار (مەسىلەن، **بل، و، لكن**...دەك) غا بۆلۈنىدۇ. ىبراق، ئەرەب تىلىدا تىركەلمە (سۆز ئارقا ياردەمچىلىرى) بولمايدۇ. ئىملىقلار ۋە ئۇندەش سۆزلەر بولسا ئالدى قوشۇلغۇچىلار ۋە باشقا رەۋىشلەرنىڭ ياردىمىدە ياسىلىدۇ.
تۆۋەندە ھەرقايسى سۆز تۈركۈملىرىنى قىسقىچە شەرھلەپ ئۆتىمىز. بۇ ھەرقانداق تىلدىكى سۆز تۈركۈملىرىنىڭ تەبىرىگە مۇۋاپىق كېلىدۇ.

1. ئىسىم **(الإسم)**

ئادەم، نەرسە، ۋەقە ھەم ھادىسىلەرنىڭ ناملىرىنى بىلدۈرىدىغان سۆز تۈركۈمى ئىسىم دېيىلىدۇ.
ئىسىم «كىم؟، كىملەر؟، نېمە؟، نېمىلەر؟» دېگەنگە ئوخشاش سوئاللارغا جاۋاب بولۇپ كېلىدۇ.
مەسىلەن: رىزۋانگۈل ياخشى قىز. (كىم؟)
تۇرپاننىڭ ئۈزۈمى داڭلىق. (نېمە؟)
يېزىنىڭ يولى پۈتۈپ، قاتناش باشلاندى. (نېمە؟)
تىلدىكى سۆزلەرنىڭ كۆپ قىسمىنى ئىسىملار تەشكىل قىلىدۇ. ئىسىملار مۇستەقىل مەنىگە ئىگە ۋە جۈملىدە ئاساسىي باش بۆلەك بولالايدىغان سۆز تۈركۈمىدۇر. ئىسىملار مەنە ئېھتىياجىغا ئاساسەن سان، شەخس، كېلىش كاتېگورىيىلىرىگە ئىگە بولۇپ، ئۇيغۇر

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



تىلىدا ئىسىملار بىرىنچى شەخس ، ئىككىنچى شەخس ۋە ئۈچۈنچى شەخستە بىرلىك ۋە كۆپلۈك سانلىرى بويىچە جەمئىي ئالتە شەكىلدە كېلىدۇ . ئۇيغۇر تىلىدا ئىككىلىك شەكلى يوق بولۇپ ، بۇ ئىسىم ئالدىغا ساناق سان «ئىككى»نى قوشۇش ۋە سۆز ئاخىرىنى كۆپلۈككە ئايلاندۇرۇش بىلەن ئەمەلگە ئاشىدۇ . ئۇيغۇر تىلىدا ئىسىملارنىڭ كېلىش كاتېگورىيىسىگە تەۋە ئالتە كېلىش بار . ئۇلار : باش كېلىش ، ئىگىلىك كېلىش ، چىقىش كېلىش ، چۈشۈم كېلىش ، ئورۇن كېلىش ۋە بېرىش كېلىشتىن ئىبارەت . كېلىش كاتېگورىيىسى ئەرەب ۋە ئۇيغۇر تىلىدا پەرقلىنىدۇ ، بۇ ھەقتە كېيىنكى قىسىملاردا چۈشەنچە بېرىمىز .

2 . سۈپەت (الصفة)

لېكسىكىلىق مەنە جەھەتتىن ئادەم ، نەرسە ۋە ھادىسىلەرنىڭ ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكى ۋە خۇسۇسىيىتىنى بىلدۈرىدىغان سۆز تۈركۈمى سۈپەت دېيىلىدۇ .

سۈپەتلەر جۈملىدە «قانداق ؟» دېگەن سوئالغا جاۋاب بولۇپ كېلىدۇ . مەسىلەن :

ئىللىق باھار يېتىپ كەلدى . (قانداق ؟)

قاتتىق ، يوغان ، ئېگىز ، قىزىل ، سوقچاق ، ئېشچان . . .غا ئوخشاش، ئادەم ۋە نەرسىلەرنىڭ بەلگىسى ، رەڭگى ، تۈرى شەكلى ، تەمى ، ھەجىمى ، خۇسۇسىيىتى قاتارلىق بەلگىلىرىنى بىلدۈرۈپ كېلىدىغان سۆزلەر سۈپەتتۇر . ئۇيغۇر تىلىدىكى سۈپەت چۈشەنچىسى بىلەن ئەرەب تىلى ۋە باشقا تىللاردىكى سۈپەت چۈشەنچىسى ئوخشاش بولسىمۇ ، بىراق سۈپەت سۆزلىرىنىڭ سۈپەتلەنگۈچى سۆزگە قوشۇلۇش ئۇسۇلى ئوخشاشمايدۇ . ئۇيغۇر تىلىدا سۈپەت سۈپەتلەنگۈچىنىڭ ئالدىدا

كەلسە ، ئەرەب تىلىدا سۈپەت سۈپەتلەنگۈچى سۆزنىڭ ئارقىسىدا كېلىدۇ . ئۇيغۇر تىلىدا سۈپەتلەنگۈچىگە قوشۇلغان سۈپەت سۆزى كېلىش ئالامەتلىرىنى يۈكلىمەيدۇ . بىراق ، ئەرەب تىلىدا سۈپەتلەنگۈچى قايسى ئالامەتتە بولسا ، سۈپەت سۆزى شۇ ئالامەت بىلەن سۈپەتلەنگۈچىگە ئەگىشىدۇ .

3 . سان (العدد)

ئادەم ، نەرسە ۋە ھەرىكەتنىڭ سانى ، ھېسابى ، مىقدارى ۋە سان جەھەتتىكى تەرتىپىنى بىلدۈرىدىغان سۆز تۈركۈمى سان دېيىلىدۇ .

سانلار جۈملىدە «قانچە ؟ نەچچە ؟ قانچىنچى ؟ نەچچىنچى ؟» دېگەندەك سوئاللارغا جاۋاب بولۇپ كېلىدۇ . مەسىلەن :

بەش ، بەشچە ، ئونىنچى ، توققۇزەيلەن ، يەتتە ئۈلچەپ بىر كەس . . .

ئۇيغۇر تىلىدىكى سان چۈشەنچىسى بىلەن ئەرەب تىلىدىكى سان چۈشەنچىسى ئوخشاش بولۇپ ، ئۇنىڭ جۈملىدە ئوينايدىغان رولىمۇ ئوخشاشتۇر . بىراق ، سانلارنى سانالغۇچىغا قوشۇشتا ئۇيغۇر تىلىدا كۆپلۈك سان قوشۇلغاندا سانالغۇچىنىڭ بىرلىك ھالىتى ساقلاپ قېلىنغاندىن سىرت ، سانلار ھەرقانداق سانغىلى بولىدىغان ئىسىمغا ئالدى تەرەپتىن قوشۇلىدۇ . بىراق ، ئەرەب تىلىدا سانلار سانالغۇچىغا قوشۇلغاندا جىنس چەكلىمىسى سەۋەبىدىن سانلارنىڭ ئۆزىدىمۇ جىنس ئۆزگىرىشى بولغاندىن باشقا ، يەنە ھەر بىر خانە ئاشقاندا سانلارنىڭ سانالغۇچىغا قوشۇلۇشىدا كۆپ قونېتىكىلىق ئۆزگىرىش يۈز بېرىدۇ . بۇ ئىلگىرى شەخسلەردە تەپسىلىي چۈشەندۈرۈلگەن بولغاچقا ، بۇ يەردە تەكرارلىمىدۇق .

4 . ئالماش (الضمير)

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



جۈملىدە ئىسىم ، سۈپەت ، سان ، ھەرىكەتنام ، رەۋىش ، شۇنداقلا ئىسىم خاراكتېرىدىكى بەزى سۆزلەرنىڭ ئورنىغا ئالمىشىپ كېلىدىغان سۆز تۈركۈمى ئالماش دېيىلىدۇ . مەسىلەن :

ئەخمەت ياخشى بالا ، مۇنداق بالىلار مەھەللىمىزدە بەك كۆپ . سەن تېز كېلىپ، ماڭا ياردەملەشكىن .

ئالماشلار جۈملىدىكى ۋەزىپىسى ۋە ئاڭلاتقان مەنىسىگە قاراپ كىشىلىك ئالماش ، كۆرسىتىش ئالماش ، سوئال ئالماش ، ئۆزلۈك ئالماش ، ئۆملۈك ئالماش ۋە بەلگىسىز ئالماش قاتارلىقلارغا بۆلىنىدۇ . ئۇيغۇر تىلىدا ئالماشلار بىرلىك ۋە كۆپلۈك ساندا تۈرلىنىپ كېلىدۇ . لېكىن ، ئىككىلىك سان شەكلى يوق، ئەرەب تىلىدا ئالماشنىڭ ئىككىلىك شەكلى بار . (مەسىلەن ، **انتما** ، **انفسهما** . . . ) ئۇنىڭدىن باشقا ئەرەب تىلىدا پېئىللارنىڭ قۇرۇلمىسىدا ئىپادىلىنىدىغان يوشۇرۇن كىشىلىك ئالماش ئۇقۇمى مەۋجۇت . ئۇيغۇر تىلىدا بۇنداق ئەھۋال تازا ئېنىق ئەمەس . مەسىلەن ، ئەرەب تىلىدا بىر پېئىلنىڭ ئون تۆت خىل تۈرلىنىشى ئىچىدە جىنس ئۇقۇمى، سان ۋە ئالماش يوشۇرۇن ياكى ئاشكارا ئىپادىلىنىدۇ . ئۇيغۇر تىلىدا پېئىللارنىڭ ئاخىرىغا ئېنىق شەخس قوشۇمچىلىرى قوشۇلۇش بىلەن ئالماش ئۇقۇمى ئىپادىلىنىدۇ . بەزىدە پېئىللارنىڭ ئالدىغا ئېنىق ئالماشلار قوشۇلۇش بىلەن شەخس ئۇقۇمى تەكىتلىنىدۇ .

## 5 . پېئىل (**الفعل**)

ئادەم ۋە نەرسىلەرنىڭ تۈرلۈك ھەرىكىتى ۋە ھالىتىنى بىلدۈرىدىغان سۆز تۈركۈمى پېئىل دېيىلىدۇ .

پېئىللار «نېمە قىلدى ؟ نېمە قىلىدۇ ؟ نېمە قىلىندى ؟» . . . دېگەنگە ئوخشاش سوئاللارغا جاۋاب بولۇپ كېلىدۇ . مەسىلەن :

ئۇ كىتاب ئوقۇدى . (نېمە قىلدى ؟)
ئۇنىڭغا مەن گەپ قىلمىدىم . (نېمە قىلمىدى ؟)
دەرس باشلاندى . (نېمە باشلاندى ؟)

پېئىل ياسىلىشى ، تۈزۈلۈشى ، تۈرلىنىشى ۋە ۋەزىپىسى جەھەتتىن ئالاھىدە قېلىپلاشقان ۋە تۇراقلاشقان ئاساسىي سۆز تۈركۈملىرىنىڭ بىرى بولۇپ ، ھەر قانداق تىلدا پېئىلسىز جۈملە تۈزۈلمەيدۇ . قىسقىسى پېئىلسىز تىلمۇ مەۋجۇت بولمايدۇ . پېئىللار جۈملىدە باشقا سۆز تۈركۈملىرىنى ئەتراپىغا ئۇيۇشتۇرۇپ ، ئۇلار بىلەن سىنتاكسىسلىق باغلىنىشتا بولۇپ ، ئاساسەن خەبەرلىك ۋەزىپىسىنى ئۆتەيدۇ . ئۇنىڭدىن باشقا پېئىللار ھەرىكەت ، ھالەتنى بىلدۈرۈپ كېلىش بىلەن ئۆتۈملۈك ۋە ئۆتۈمسىزلىك كاتېگورىيىسى ، بولۇشلۇق ۋە بولۇشسىزلىق كاتېگورىيىسى ، زامان ، شەخس ، سان كاتېگورىيىسى ، دەرىجە كاتېگورىيىسى ، مەيل كاتېگورىيىسى ، تۈس كاتېگورىيىسى قاتارلىق سەككىز مورفولوگىيىلىك كاتېگورىيىگە ۋە ئىسىمداش ، سۈپەتداش ، رەۋىشداش ، شەخس كاتېگورىيىسى ۋە شەكلىگە ئىگە بولمايدىغان ئالاھىدە شەكىللەرگە ئىگە .

ئۇيغۇر ۋە ئەرەب تىللىرىدا ئۆتۈملۈك ۋە ئۆتۈمسىز پېئىللار ئوخشاش مەنىگە ئىگە بولۇپ ، رول جەھەتتىن پەرقلەنمەيدۇ . پېئىللارنىڭ شەخس ، سان ۋە زامان كاتېگورىيىسى جەھەتتە ئۇيغۇر تىلى بىلەن ئەرەب تىلى قىسمەن پەرقلىنىدۇ . ئۇيغۇر ۋە ئەرەب تىللىرىدا پېئىللارنىڭ شەخس كاتېگورىيىسى ئوخشاشلا بىرىنچى ، ئىككىنچى ۋە ئۈچىنچى شەخسلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ . ئۇيغۇر تىلىدا پېئىللارنىڭ سان كاتېگورىيىسى بىرلىك ۋە كۆپلۈك تۈرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ . ئۇيغۇر تىلىدا ئەرەب تىلىدىكىدەك پېئىللارنىڭ ئىككىلىك سان شەكلى بولمايدۇ . بەلكى بۇ ساننى قوشۇپ يېزىش

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



ۋە ئېيتىش ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ . ئەرەب تىلىدا بولسا پېئىللار بىلدۈرگەن زامان ئۇقۇمى ئېتىبارى بىلەن ئۆتكەن زامان، ھازىرقى زامان ۋە كەلگۈسى زامان پېئىللىرىدىن ئىبارەت ئۈچ خىل زامان كاتېگورىيىسىگە تەۋە بولسىمۇ لېكىن قوللىنىلىشى جەھەتتىن، **الفعل الماضي** (ئۆتكەن زامان پېئىلى) **الفعل المضارع** (ھازىرقى ۋە كەلگۈسى زامان پېئىلى) دىن ئىبارەت ئىككى تۈرگە بۆلۈنىدۇ . ئۇيغۇر تىلىدا پېئىلنىڭ ئاساسىي زامانى ئۈچ . يەنى : ئۆتكەن زامان ، ھازىرقى زامان ۋە كەلگۈسى زامان پېئىللىرىدىن ئىبارەت. دېمەك، ئەرەب تىلىدىكى كەلگۈسى زامان پېئىلى يەنە ھازىرقى زامان ئۇقۇمىنىمۇ بىلدۈرىدىغان بولۇپ ، قوللىنىلىشى بىر خىل بولسىمۇ ، بىراق كونتېكستتىكى (ئالدى - كەينىلىك مۇناسىۋەت) مەنىسى ۋە بىر قىسىم كەلگۈسى زامان ھەرپلىرى (مەسىلەن ، س . . .**سوف** . . .)، شۇنداقلا جۈملىدىكى كەلگۈسى زامان ۋاقىت رەۋىشلىرى ئارقىلىق كەلگۈسى زاماننى بىلدۈرسە ، كونتېكستتىكى مەنىسى ۋە كەلگۈسى زامان ھەرپى قوشۇلمىغان مەنىسى ۋە ھالىتى ، شۇنداقلا ھازىرقى زامان ئۇقۇمىدىكى ۋاقىت رەۋىشلىرىنىڭ ئۇلىنىشى ئارقىلىق ھازىرقى زامان چۈشەنچىسىنى بىلدۈرىدۇ . بۇ قارىماققا تولۇقسىزدەك كۆرۈنسىمۇ ، بىراق ماھىيەتتە بۇ ئەرەب تىلىدا ئالاھىدە مەسىلە دەپ قارالمايدۇ . دەرىجە ، مەيل كاتېگورىيىلىرى ئەرەب ۋە ئۇيغۇر تىللىرىدا ئوخشاش مەنىدە ئىشلىتىلىدۇ . بىراق ، ئەرەب تىلىدا تۈس مەنىسى ئۇيغۇر تىلىدىكىگە ئوخشاش پېئىلنىڭ يالغۇز شەكلىدىن ئىپادىلەنمەيدۇ . بەلكى باشقا گىراماتىكىلىق شەكىللەر بىلەن تۈس مەنىسى مەلۇم دەرىجىدە ئىپادىلىنىپ تۇرىدۇ . ئۇيغۇر تىلىدىكى ئىسىمداش (ھەرىكەتنام) قوللىنىلىشى ۋە مەنە ئېتىبارى بىلەن ئەرەب تىلىدىكى

مەسدەر (المصدر) گە توغرا كېلىدۇ . بۇ جەھەتتىن ئىسىملار بىلەن ئوخشاشتۇر . ئۇنىڭدىن باشقا ئۇيغۇر ۋە ئەرەب تىللىرىدىكى پېئىللارنىڭ ئەڭ مۇھىم بىر پەرقى شۇكى ، ئەرەب تىلىدا شەخس ، زامان ، جىنس ئۇقۇمى پېئىللارنى تەشكىل قىلغۇچى ئاساسىي ھەرپلەر سوزۇق تاۋۇشلىرىنىڭ ئۆزگىرىشى ۋە ئالدىغا زامان ئۇقۇمىنى بىلدۈرىدىغان ، ئارقىسىغا شەخس ، جىنس ئۇقۇمىنى بىلدۈرىدىغان ھەرپلەرنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن ئىپادىلىنىدۇ . بىراق ، ئۇيغۇر تىلىدا پېئىل تومۇرىغا شەخس ، زامان ۋە سان مەنىسىنى بىلدۈرىدىغان قوشۇمچىلار بىردەك ئارقىسىدىن قوشۇلىدۇ . شۇ سەۋەبتىن ئۇيغۇر تىلى قاتارلىق تۈركىي تىللار يېپىشقاق تىللار دەپمۇ ئاتالغان .

قىسقىسى ، پېئىللار ئۇيغۇر ۋە ئەرەب تىللىرىدا زامان ، شەخس ، سان ھەمدە تۈس جەھەتتە مەلۇم دەرىجىدە پەرقلىنىدۇ . قالغان جەھەتلەردە ئاساسەن پەرق يوق دېيەرلىك .

6 . رەۋىش (الظرف)

ئىش ـ ھەرىكەتنىڭ ھەر خىل بەلگىسى ، ھالىتى ، ئورنى ، ۋاقتى ، سەۋەب ـ مەقسىتى ، مىقدار ـ دەرىجىسى ۋە بەزىدە سوئال بەلگىسىنى بىلدۈرىدىغان سۆز تۈركۈمى رەۋىش دېيىلىدۇ .

رەۋىشلەر كۆپىنچە «قانداق ؟ قانداق قىلىپ ؟ قانداقچە ؟ قاچان ؟ قەيەردە ؟ . . .» دېگەنگە ئوخشاش سوئاللارغا جاۋاب بولۇپ كېلىدۇ . مەسىلەن :

تېز يۈگۈرمەك ، ئاستا ماڭماق ، قارىسىغا سۆزلىمەك ، بۇرۇندىن تونۇش ، ياندىن ئۆتمەك ، قەستەن چېقىلماق . . .

رەۋىشلەر مەنىسىگە ئاساسەن ۋاقىت رەۋىشلىرى ، ئورۇن رەۋىشلىرى ، ھالەت رەۋىشلىرى ، سەۋەب ـ مەقسەت رەۋىشلىرى ۋە دەرىجە ـ مىقدار رەۋىشلىرى قاتارلىقلارغا بۆلۈنىدۇ . ئەرەب ۋە ئۇيغۇر

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



تىللىرىدا رەۋىشلەر بىلدۈرىدىغان مەنە ۋە ئۇز ئىچىگە ئالىدىغان دائىرە ئوخشىشىدۇ. بىراق، ئەرەب تىلىدا رەۋىش ئۇقۇمىنى جۈملە ئىچىدە ھالەت سۆپىتىدە ئىپادىلەشكە توغرا كەلگەندە، ئالاھىدە كاتېگورىيىلەر ھېسابلىنىدىغان **تمييز** ۋە **مصدرمعنوى** گە ئوخشاش ئۇسۇللارمۇ قوللىنىلىدۇ. ئەرەب تىلىدىكى رەۋىش ھەققىدە ئىلگىرى كۆپ توختالغاچقا، بۇ يەردە تەپسىلىي چۈشەنچە بەرمەيمىز.

7. سۆز ئارقا ياردەمچىلىرى (تىركەلمىلەر)

سۆز ئارقا ياردەمچىلىرى ئىسىم، سۆپەت، سان، ئالماش ۋە رەۋىشلەرگە ياندىشىپ كېلىپ، بۇ سۆزلەرنىڭ جۈملىدىكى باشقا سۆزلەر، بولۇپمۇ پېئىل بىلەن بولغان تۈرلۈك مۇناسىۋىتىنى ئىپادىلەيدۇ.

سۆز ئارقا ياردەمچىلىرىدىن «ئۈچۈن، توغرۇلۇق، ئارقىلىق، قارشى، دائىر...» قاتارلىقلار بار. ئەرەب تىلىدا بۇ خىل مەنىنى بىلدۈرىدىغان سۆزلەر قوشۇمچىلار «**الحرف**» دەپ ئاتىلىپ، بىردەك سۆزلەرنىڭ ئالدىغا ئۇلىنىدۇ. شۇڭا، بۇلارنى ئەرەب تىلىدا «سۆز ئارقا ياردەمچىلىرى» دېيىش مۇۋاپىق ئەمەس.

8. باغلىغۇچىلار

جۈملىنىڭ ھەر خىل بۆلەكلىرىنى، قوشما جۈملە تەركىبىدىكى ئاددىي جۈملىلەرنى ئۆز ئارا باغلايدىغان ياردەمچى سۆزلەر باغلىغۇچىلار دېيىلىدۇ.

باغلىغۇچىلار ئىپادىلىگەن مەنىلىرىگە ۋە جۈملىدىكى رولىغا ئاساسەن بىرىكتۈرگۈچى باغلىغۇچىلار، قارمۇ قارشى باغلىغۇچىلار، كۆچەيتمە باغلىغۇچىلار، سەۋەب باغلىغۇچىلار، شەرت باغلىغۇچىلار ۋە تاللىما باغلىغۇچىلار دەپ ئالتىگە بۆلۈنىدۇ.

مەسىلەن : يەنە ، ھەم ، بىلەن ، ئەمما ، بىراق ، بولۇپمۇ ، ھەتتا ، شۇڭا ، شۇنىڭ ئۈچۈن ، گەرچە ، مۇبادا ، ئەگەر ، ياكى ، خاھى . . .

ئەرەب تىلى تەركىبىدە يۈقىرىدىكى باغلىغۇچىلار «الحـرف» تەركىبىدە **العطف** سۆپىتىدە قارىلىپ ، مەنە جەھەتتىن ئۇيغۇر تىلىدىكى باغلىغۇچىلار بىلەن ئوخشاش ئىشلىتىلىدۇ .

مەسىلەن : **ۇ ، ايضا ، لكن ، اضافة الى ذلك ، لـذلك ، بالرغم ، ان ، او ، ام** گە ئوخشاش .

9 . ئۈلانمىلار

مۇستەقىل سۆزلەر ۋە جۈملىلەرگە قوشۇلۇپ ، ئۇلارغا تۈرلۈك مەنە يۈكلەيدىغان ياردەمچى سۆزلەر ئۈلانمىلار دېيىلىدۇ .

ئۈلانمىلار ئايرىم سۆزلەرگە ياكى جۈملىلەرگە تۈرلۈك گراماتىكىلىق مەنىلەرنى، يەنى تەستىقلاش ، سوراق ، يېلىنىش ، تەكىتلەش قاتارلىق مەنىلەرنى قوشۇش ۋە كىشىلەرنىڭ پۈتۈن جۈملىدىكى پوزىتسىيىلىرىنى قوشۇپ ئىپادىلەش ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ .

مەسىلەن : سەن بىلەن كېتىشىم مۇمكىنمۇ ؟

ئۇ كەلدىيۇ ، بىراق تېزلا كېتىپ قالدى .

مەن ساڭا تەكرار ئېيتتىمغۇ !

يۈقىرىدىكى «مۇ ، يۇ ، غۇ» لار ۋە «قۇ ، ما ، مى ، زە ، ئا ، ئە» قاتارلىقلار ئۈلانمىلار سۆزلىگۈچىنىڭ جۈملىدىكى ئوي - پىكرىگە قارىتا ھەر خىل ھېس - تۇيغۇ ۋە مەقسىتىنى ئىپادىلەيدۇ .

ئەرەب تىلىدا ئۈلانمىلار ئايرىم سۆز تۈركۈمى ئەمەس . بىراق ، ئۇ خىل مەنە ئەرەب تىلىدا پېئىل شەكلىنى قىسمەن قىسقارتىش ۋە ھېس - تۇيغۇ سۆزلىرىنى قوشۇش يوللىرى بىلەن ئىپادىلىنىدۇ .

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com



ئۇيغۇر تىلىدىكى ئۆلانمىلار ئەرەب تىلىدىكى **حرف**لەرنىڭ بىر قىسمىنى ئۆز ئىچىگە ئالسىمۇ، بىراق ئەرەب تىلىدا ئاز ئۇچرايدۇ.

10. ئىملىق سۆزلەر

جۈملە بۆلەكلىرى بىلەن گرامماتىكىلىق جەھەتتىن باغلانمايدىغان، سۆزلىگۈچىنىڭ ئىچكى ھېس - تۇيغۇسى، بۇيرۇق ۋە ھەر خىل ئارزۇ - ئىستەكلىرىنى ئىپادىلەيدىغان سۆزلەر ئىملىق سۆزلەر دېيىلىدۇ.

ئىملىق سۆزلەر ئاۋاز ئىملىقلىرى ۋە ھالەت ئىملىقلىرى دەپ ئىككى تۈرگە بۆلۈنىدۇ. مەسىلەن:

ئاۋاز ئىملىقلىرى: تاك-تۇك، قاس-قۇس، ۋاڭ-چۇڭ، غاراس-غۇرۇس، چىر-چىر، شىلدىر-شىلدىر...

ھالەت ئىملىقلىرى: ۋال-ۋۇل، مىغ-مىغ، غال-غال، لەپ-لەپ، جول-جول...

ھەر قايسى تىللاردىكى ئىملىق سۆزلەر مەنە ۋە ئۇقۇم جەھەتتىن ئوخشىشىپ كەتسىمۇ، بىراق بىر خىل مەنىنى ئوخشاش تاۋۇش بىلەن ئىپادىلەيدىغان ئەھۋال ناھايىتى ئاز ئۇچرايدۇ. ئەرەب تىلىدا ئىملىق مەنىلىرىنى بىلدۈرىدىغان يۇقىرىقى سۆزلەر بار بولۇپ، ئۇلار فونېتىكىلىق قۇرۇلما جەھەتتىن ئۇيغۇر تىلى ئىملىقلىرىغا ئوخشاشمايدۇ. بۇ پەقەت فونېتىكىلىق تۈزۈلۈش جەھەتتىكى پەرقتۇر.

11. ئۈندەش سۆزلەر

مەنە جەھەتتىن كىشىلەرنىڭ ھېس- ھاياجىنى، خاھىشى، بۇيرۇقىغا باغلانغان ھالدا تەلەپپۇز قىلىنىدىغان ئاۋازلار ئۈندەش سۆزلەر دېيىلىدۇ.

ئۈندەش سۆزلەر پۈتۈن جۈملىگە مەنىۋى تۇس قوشىدىغانلىقى ئۈچۈن ، ئۇنىڭ قانداق مەنە ئىپادىلەيدىغانلىقى كونكرېت جۈملىدە ئىپادىلىنىدۇ . مەسىلەن :

ئايهاي ، نېمىدېگەن بەختلىك ! (خۇشاللىق)

پاھ ، ماۋۇنى قاراڭلار ! (ئەجەبلىنىش)

ۋىيەي ، يارام بەك ئاغرىپ كەتتى ! (ئاغرىنىش)

ئاھ ، بىچارە قىزىم ! (قايغۇ-ھەسرەت)

ھەتتىگىنەي ، قېرىنىدىشىم ! (پۇشايمان)

ئۈندەش سۆزلەر ئەرەب تىلىدىمۇ مەلۇم سالماقنى ئىگىلەيدۇ . بۇ تىلدا ئۈندەش مەنىسى يەككە سۆزلەرگە قارىغاندا، كۆپرەك جۈملە شەكلى ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ . يەنى ئەرەب تىلىدا ئۈندەش مەنىسى كۆپىنچە جۈملە شەكلىنى قىسقارتىش ۋە سۆز ئورنىنى ئالماشتۇرۇش ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ . مەسىلەن : **مافعله** ، **افعل به** ، **ماشد** ، **واها** . . . دېگەندەك .

دېمەك ، ئەرەب ۋە ئۇيغۇر تىللىرىدا سۆز تۈركۈملىرىنى دەسلەپكى ئومۇمىي جەھەتتىن بۆلۈش ئوخشاشمىغىنى بىلەن ، كونكرېت تىل مەشغۇلىيىتىدە سۆزلەر ھامان ئەسلىي ھالىتى بويىچە ئىشلىتىلىدۇ . بۇ مۇقەررەر ھالدا سۆزنىڭ چوقۇم مەلۇم كونكرېت تۈركۈمگە تەۋە بولۇشىنى بەلگىلەيدۇ ۋە تەلەپ قىلىدۇ . ئەرەب تىلى ئۆگىنىشتە سۆز تۈركۈملىرىنى ئىگىلىگەندە يەنىمۇ ئىنچىكە بۆلۈشكە دىققەت قىلغاندىلا ، ئۇلارنىڭ ئۇيغۇر تىلىدىكى سۆز تۈركۈملىرى بىلەن ئوخشىشىپ كېتىدىغانلىقىنى بىلگىلى بولىدۇ .

## 2 . جۈملە بۆلەكلىرىدىكى پەرق

### 1 . جۈملە

تولۇق ئاياغلاشقان ئوي – پىكىرنى بىلدۈرگەن بىر ياكى بىر

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



قانچە سۆزنىڭ مۇئەييەن تەرتىپتىكى يىغىندىسى جۈملە دېيىلىدۇ.

جۈملە ئىگە بىلەن خەبەرنىڭ بايان مۇناسىۋىتىنى ئىپادىلەيدۇ. ھەرقانداق تىلدا ئىگە خەبەرسىز جۈملە مەۋجۇت بولمايدۇ (قىسقارغان جۈملىلەردىكى ئەھۋال بۇنىڭدىن مۇستەسنادۇر). جۈملە ئاياغلاشقاندا، جۈملە ئاخىرىغا چېكىت (.)، سوراق (؟) ياكى ئۈندەش (!) بەلگىسى قويۇلىدۇ. مەسىلەن، باھار كەلدى.

سىز نېمىشقا يىغلايسىز؟

ساۋاقداشلار، غەيرەت قىلىڭلار!

جۈملىلەرنى كىشىلەرنىڭ مەقسىتى ۋە ئوي-پىكرىنىڭ قانداق بولۇشىغا قاراپ خەبەر جۈملە، سوراق جۈملە، ئۈندەش جۈملە ۋە بۇيرۇق جۈملىدىن ئىبارەت تۆت تۈرگە بۆلۈشكە بولىدۇ.

(1) خەبەر جۈملە

شەيئى، ئىش - ھەرىكەت، ۋەقە-ھادىسە ھەققىدىكى ئوي-پىكىرلەر بايان تەرىقىسىدە ئىپادىلەنگەن جۈملىلەر خەبەر جۈملە دېيىلىدۇ.

خەبەر جۈملىنىڭ خەبىرى ھەم ئىسىمدىن، ھەم پېئىلدىن تۈزۈلىدۇ. مەسىلەن:

تۈنۈگۈن قار توختىماي ياغقانىدى.

بۇ يەرگە كەلگەن كىشىنىڭ ئىسمى ساۋۇت.

(2) سوراق جۈملە

بىرەر نەرسە، ۋەقە، ھادىسە ياكى بىرەر ئىش-ھەرىكەت توغرىسىدىكى ئوي - پىكىرنى سوئال تەرىقىسىدە ئىپادىلەيدىغان جۈملە سوراق جۈملە دېيىلىدۇ. مەسىلەن، ئەمگەك قىلماق تەسمىكەن؟

سىز ئۇنى نېمىشقا تەنقىدلەيسىز؟

(3) ئۈندەش جۈملە

تۈرلۈك ھېسسىياتلىق پىكىرلەرنى ئىپادىلەيدىغان جۈملىلەر ئۈندەش جۈملە دېيىلىدۇ. مەسىلەن، مەن ئۇنى كۆرۈشكە نەقەدەر تەشنا ئىدىم-ھە!

خەپ، سېنىڭ ئەدىبىڭنى بىر بەرمىسەم!

(4) بۇيرۇق جۈملە

بۇيرۇق، ئۆتۈنۈش، سوئال، چاقىرىق، ئۈمىد مەزمۇنىدىكى ئوي - پىكىرلەرنى ئىپادىلەيدىغان جۈملىلەر بۇيرۇق جۈملە دېيىلىدۇ. مەسىلەن، سەن ئەرەب تىلى گرامماتىكىسىنى تەكرار ئوقۇ! شۇندىلا قۇرئان كەرىمنى چۈشىنەلەيسەن!

سىز زۇكام بولۇپسىز، دەرھال دوختۇرغا بېرىڭ!

يۇقىرىدىكى مىساللاردىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ئۇيغۇر تىلىدىكى جۈملىلەر پەقەت ئىگىلىتقان مەنىسىگە ئاساسەن تۈرلەرگە بۆلۈنىدۇ. جۈملە قۇرۇلمىسىدىكى پەرق دىگەندەك ئېتىبارغا ئېلىنمايدۇ. بىراق، ئەرەب تىلىدا جۈملىلەرنى تۈرلەرگە بۆلگەندە ئاساسەن جۈملىنىڭ پېئىل ياكى ئىسىم بىلەن باشلانغانلىقى چىقىش قىلىنىپ، ئىككى تۈرگە، يەنى ئىسىملىك جۈملە (**الجملة الإسمية**)، پېئىللىق جۈملە (**الجملة الفعلية**) گە بۆلىنىدۇ. بۇ كۆپ تەرەپلەردە ئۇيغۇر تىلىدىكى خەبەر جۈملىگە ماس كېلىدۇ. سوراق جۈملە قۇرۇلما سۆز بېشىغا سوراق ھەرپلىرىنى قوشۇش ئارقىلىق ياسىلىدۇ. بۇ، ئۇيغۇر تىلىدىكى سوراق جۈملە ياساش ئۇسۇلىغا ئوخشىمايدۇ. (يېقىنقى يىللاردىن بېرى ئەرەب تىلىدىكى سوراق جۈملە ئاخىرىغا سوراق بەلگىسى قويۇلۇۋاتىدۇ.) ئەرەب ۋە ئۇيغۇر تىلىدىكى ئۈندەش جۈملىلەرنىڭ ياسىلىشى قىسمەن تەرەپلەردە ئوخشاشسىمۇ، يەنە بەزى تەرەپلەردە ئوخشىشىپ كەتمەيدۇ. ئۇيغۇر تىلىدا ئۈندەش

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



جۈملىلەر كۆپىنچە بىر قىسىم ئۈندەش ۋە ئىملىق سۆزلەر ياردىمىدە — يېزىقتا بەلگىلەر، تىلدا تەلەپپۇز ئۆزگىرىشى بىلەن ئىپادىلىنىدۇ، ئەرەب تىلىدا جۈملە قۇرۇلمىسىنى يۆتكەش، ئالماشتۇرۇش ھەمدە «ما»غا ئوخشاش سۆزلەرنى قوشۇش يولى بىلەن ياسىلىدۇ. ئەرەب تىلىدا ئۈندەش جۈملىلەرنىڭ بىرقانچە قېلىپى بولىدۇ. ئۇلارنى يوختا ئىگىلەش كېرەك. ئۇيغۇر تىلىدا پېئىل يىلتىزى (ئىككىنچى شەخس بىرلىك شەكلى) نى بىۋاسىتە ئىشلىتىش ياكى كەلگۈسى زامان پېئىلىنى ئىشلىتىپ، يېزىقتا بەلگىلەرنى، ئېغىزدا تەلەپپۇزنى پەرقلەندۈرۈش ئارقىلىق ئىككىنچى شەخسكە قارىتىلغان بۇيرۇق جۈملە ياسىلىدۇ. مەسىلەن، سەن ياز! سىلەر دەرھال كېتىڭلار!

بىرىنچى شەخس ۋە ئۈچىنچى شەخسكە قارىتىلغان بۇيرۇق جۈملە پېئىل يىلتىزىغا «ئاي، ئەي، ئايلى، ئەيلى، سۇن» قاتارلىق قوشۇمچىلارنىڭ قوشۇلۇشى ئارقىلىق ياسىلىدۇ. مەسىلەن:

مەن ماڭاي!

باللار! بىز باغچىغا بارايلى!

ئۇ كەلمىسۇن!

ئۇلار بۈگۈن يېنىمغا كەلسۇن!

ئەرەب تىلىدىكى بۇيرۇق جۈملىلەرنىڭ ياسىلىش ئۇسۇلىنى ئالدىنقى سەھىپىلەردە ئىلگىرى تەپسىلىي تونۇشتۇرغانىدۇق. ئەرەب تىلىدىكى بۇيرۇق جۈملىلەر بىلەن ئۇيغۇر تىلىدىكى بۇيرۇق جۈملىلەرنىڭ پەرقى شۇكى، ئەرەب تىلىدا بۇيرۇق جۈملىلەر شۇ جۈملىدىكى پېئىلنىڭ بۇيرۇق شەكلى (لامسىز بۇيرۇق ۋە لاملىق بۇيرۇق) بارلىققا كەلگەندىلا ئاندىن مەۋجۇت بولىدۇ. پېئىلنىڭ

بۇيرۇق شەكلى تۈرلەنمەي تۇرۇپ بۇيرۇق جۈملە شەكىللەنمەيدۇ. ئۇيغۇر تىلىدا بولسا ئەھۋال يۇقىرىقىدەك بولىدۇ.

ھەر قانداق جۈملە ئۆزىنىڭ لېكسىكىلىق ۋە گىراماتىكىلىق ئالاھىدىلىكلىرى بويىچە بىر- بىرىدىن پەرقلىنىدىغان قىسىملاردىن تەركىب تاپىدۇ. بىز تۆۋەندە جۈملە بۆلەكلىرى ھەققىدە قىسقىچە چۈشەنچە بېرىپ ئۆتىمىز.

جۈملىدە ئۆز ئالدىغا مەلۇم سىنتاكسىسلىق ۋەزىپە ئۆتەپ كەلگەن، بىر - بىرىدىن لېكسىكىلىق ۋە گىراماتىكىلىق جەھەتلەردە پەرقلىنىپ تۇرىدىغان تەركىبىي قىسىملار جۈملە بۆلىكى دېيىلىدۇ.

جۈملە بۆلەكلىرى جۈملىدىكى رولىغا قاراپ باش بۆلەكلەر ۋە ئەگەشمە بۆلەكلەر دەپ ئىككى تۈرگە بۆلۈنىدۇ. باش بۆلەكلەرگە ئىگە، خەبەر؛ ئەگەشمە بۆلەكلەرگە ئېنىقلىغۇچى، تولدۇرغۇچى ۋە ھالەت كىرىدۇ. ئىگە بىلەن خەبەر ئادەتتە جۈملىنى ئۇيۇشتۇرىدىغان مەركىزىي بۆلەك ھېسابلىنىدۇ. ئۇلار ئۆزئارا بېرىكىپ ھەر خىل مۇناسىۋەتنى ئىپادىلەيدۇ. تۆۋەندە جۈملە بۆلەكلىرىنى شەرھلەش ئاساسىدا ئۇيغۇر ۋە ئەرەب تىلىدىكى جۈملە بۆلەكلىرىنىڭ پەرقى ۋە ئوخشاشلىقى ھەققىدە قىسقىچە چۈشەنچە بېرىمىز:

1. ئىگە

ئىگە —گىراماتىكىلىق جەھەتتە مۇستەقىللىققا ئىگە بولۇپ، ئۇ ئوي - پىكىرنى ئۆزىگە قاراتقۇچى شەيئى، يەنى ئوي - پىكىرنىڭ سۇبيېكتىنى بىلدۈرىدۇ.

ئۇيغۇر تىلىدا ئىسىملار ۋە ئىسىم ئورنىدا قوللىنىلىدىغان ئىسىم خاراكتېرلىك بارلىق سۆزلەر جۈملىدە ئىگە بولۇپ كېلىدۇ.

مەسىلەن، شۇ كۈنى مېنىڭ كۆڭلۈم تولىمۇ غەش ئىدى.

ئەخمەق كۈندۈزى چىراغ ياقىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com



ئالماقنىڭ بەرمىكى بار.

ئەرەب تىلىدا ئىسىملىك جۈملىلەردىكى ئىگە (المبتدأ) بىلەن پېئىللىق جۈملىدىكى ئىگە (الفاعل) خاراكتېر جەھەتتىن ئوخشىشىپ كەتمەيدۇ. ئىسىملىك جۈملىلەردىكى ئىگە (المبتدأ) ھۆكۈم ۋە كېسىم خاراكتېرلىك جۈملىلەرنىڭ سۇبيېكتىنى بىلدۈرسە، پېئىللىق جۈملىلەردىكى ئىگە (الفاعل) ھەرىكەت ئىگىسىنى كۆرسىتىدۇ. ئۇيغۇر تىلىدىمۇ ئوخشاش مەنىدىكى ئىگىلەر مەۋجۇت بولسىمۇ، بىراق جۈملىلەر پېئىللىق جۈملە ۋە ئىسىملىك جۈملە دەپ ئايرىلمىغاچقا، المبتدأ ۋە الفاعل ئوخشاشلا ئىگە دەپ قارىلىدۇ. ماھىيەت ئېتىبارى بىلەن بۇمۇ خاتا ئەمەس.

2. خەبەر

خەبەر جۈملىدە ئىگىنىڭ ھەرىكىتى، ھالىتى؛ سۈپىتى ۋە باشقا خۇسۇسىيەتلىرىنى ئىپادىلەپ، جۈملىدە بايان قىلىنغان ئوي-پىكىرنىڭ ئاياغلاشقانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

خەبەر جۈملىدە ئۇيۇشتۇرۇش ۋە مەركەزلەشتۈرۈش رولىنى ئوينايدۇ. شۇڭا، ئۇ جۈملىدە ئىپادىلەنگەن ئوي - پىكىرنىڭ ئاساسىي مەزمۇنىنى ۋە جۈملىنىڭ خاراكتېرىنى بەلگىلەيدۇ. ھەرقانداق تىلدا خەبەرسىز جۈملە تۈزۈلمەيدۇ. مەسىلەن:

سىز ئوقۇۋاتقان مېنىڭ كىتابىم.

قومۇل قوغۇنى بەك تاتلىق.

ئۇ تورپاندىن كەلگەنىكەن.

ئەرەب تىلى گىرامماتىكىسىنى يادلىماي تۇرۇپ، ئەرەب تىلىنى پىششىق ئۆگەنگىلى بولمايدۇ.

مۇستەقىل سۆز تۈركۈمىنىڭ ھەممىسى جۈملىدە خەبەر بولۇپ كېلىدۇ. شۇڭا، ئۇيغۇر تىلىدا خەبەر قانداق سۆز ۋە سۆز

بىرىكمىلىرىدىن تۈزۈلگەنلىكىگە قاراپ پېئىلدىن تۈزۈلگەن خەبەر ۋە ئىسمدىن تۈزۈلگەن خەبەر دەپ ئىككىگە بۆلۈنىدۇ.

ئۇيغۇر تىلىدا پېئىلدىن تۈزۈلگەن خەبەر ئەرەب تىلىدىكى ئىسملىك ياكى پېئىللىق جۈملىنىڭ پېئىلدىن تۈزۈلگەن خەبىرى (**الخبر**ياكى **الفعل**) گە ماس كەلسە، ئىسىمدىن تۈزۈلگەن خەبەر ئەرەب تىلىدىكى ئىسىملىك جۈملىنىڭ ئىسىمدىن تۈزۈلگەن خەبىرى (**الخبر**) گە ماس كېلىدۇ.

3. تولدۇرغۇچى

پېئىلدىن تۈزۈلگەن خەبەر بىلەن باشقۇرۇش، باغلىنىشتا كېلىپ، جۈملە مەزمۇنىنى تولدۇرۇپ، كېڭەيتىپ كېلىدىغان ئەگەشمە بۆلەك تولدۇرغۇچى دېيىلىدۇ.

ئۇيغۇر تىلىدا تولدۇرغۇچىلار جۈملىنىڭ ئىگىسى بىلەن بولغان باغلىنىشىنىڭ بىۋاستە ياكى ۋاستىلىق بولۇشىغا قاراپ، بىۋاستە تولدۇرغۇچى ۋە ۋاستىلىق تولدۇرغۇچى دەپ ئايرىلىدۇ.

مەسىلەن:

ئاشنى باداڭدىن سورا، ئىشنى كاداڭدىن. (بىۋاستە)

بىز مەسىلىگە ئەتراپلىق قاراشنى ئۆگىنەيلى. (ۋاستىلىق)

تولدۇرغۇچى بولۇپ كەلگەن سۆز ئىگە بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى ھەر خىل ۋاستە، بولۇپمۇ كېلىش قوشۇمچىلىرى ئارقىلىق ۋۇجۇدقا كەلتۈرىدۇ. بۇ ھەقتە كېيىن توختىلىمىز.

ئەرەب تىلىدا تولدۇرغۇچىلار (**المفعول**) بەش بولۇپ، ئۇلار ھەرىكەت ئوبيېكتى تولدۇرغۇچىسى (**المفعول به**)، سەۋەب تولدۇرغۇچىسى (**المفعول له**)، ماكان-زامان تولدۇرغۇچىسى (**المفعول فيه**)، بىللىلىك تولدۇرغۇچىسى (**المفعول معه**) ۋە مەنىداش تولدۇرغۇچى (**المفعول المطلق**) دىن ئىبارەت. يۇقىرىدىكى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



تولدۇرغۇچىلارنىڭ ئوخشاش بولمىغان شەكىللىرى ئۇيغۇر تىلىدا يەنە شۇ مەنىلەردە كېلىدۇ ھەم جۈملىدە چۈشۈم كېلىش، بېرىش كېلىش، چىقىش كېلىش قوشۇمچىلىرىنىڭ ئىسىم خاراكتېرلىك سۆزلەرگە ئۇلىنىشىدىن ھاسىل بولىدۇ. پەرق پەقەت ئاتاش ۋە قايسى ئۆلچەمنى چىقىش قىلىپ تۈرلەرگە بۆلۈشتە ئىپادىلىنىدۇ.

4. ئېنىقلىغۇچى

ئېنىقلىغۇچى جۈملىدە شەيئىنىڭ بەلگىسى، كىمگە، نېمىگە تەۋە، قاراشلىق ئىكەنلىكىنى، نېمىدىن ياسالغانلىقى قاتارلىق خۇسۇسىيەتلىرىنى بىلدۈرىدىغان جۈملە بۆلىكىدۇر.

ئېنىقلىغۇچى جۈملىدە ئېنىقلانغۇچى بولۇپ كەلگەن ئىسىم ۋە ئىسىمداشنىڭ ئالدىدا كېلىپ، ئۇنىڭ بىلەن سىنتاكسىسلىق قۇرۇلما ھاسىل قىلىدۇ. ئېنىقلىغۇچىلار سۈپەت، سان، ئالماش، ئىسىم، تەقلىدىي سۆز ۋە سۈپەتداشلاردىن ياسىلىدۇ.

مەسىلەن، ياخشى كۆڭلەر يېتىپ كەلمەكتە.

ئالتىنچى ئايدا غۇلجىغا بارىمىز.

ھەر بىر گۈلنىڭ پۇرىقى باشقا.

ئويلىماي قىلغان ئىشتا نەتىجە ئاز بولار.

ئەرەب تىلىدا ئېنىقلىغۇچى **الصفة** (**النعت**) نىڭ سۈپەتلەنگۈچى (ئېنىقلانغۇچى) بۆلەكلەرگە قوشۇلۇشى ئارقىلىق ئىزاپەتلىك بىرىكمىلەردە **المضاف إليه** شەكلىدە **المضاف** غا قوشۇلۇش ئارقىلىق ھەمدە ئەگەشمە جۈملىلەردە **الذي**، **التي**، **الذين**، **واللتي** قاتارلىق باغلىغۇچىلار ئۇلانغان سۆزلەر ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ. ئۇيغۇر تىلىدىكى ئېنىقلىغۇچى بىلەن ئەرەب تىلىدىكى ئېنىقلىغۇچىنىڭ مەنىسى ئوخشاش. بىراق ئەرەب تىلىدا ئېنىقلىغۇچى ئەگەر ئېنىقلىغۇچى سۈپەت، **المضاف إليه**

دىرىجە سان ۋە الذى... قاتارلىقلار سۆز بولۇپ كەلگەن بولسا مۇتلەق هالدا ئېنىقلانغۇچىنىڭ ئارقىسىغا ئۇلىنىدۇ .

مەسىلەن : **كلمات القران** (قۇرئان كەرىم سۆزلۈكلىرى لۇغىتى) ، **اليوم السعيد** (بەختىيار كۈن) دەك .

5 . هالەت

هالەت جۈملىدە خەبەر ياكى باشقا بۆلەك ئارقىلىق ئىپادىلەنگەن ئىش هەرىكەتنىڭ هالىتى ، بەلگىسى ۋە باشقا خۇسۇسىيەتلىرىنى ئېنىقلاپ كېلىدۇ . شۇڭا ، ئۇ ئاساسەن پېئىل ياكى پېئىل خاراكتېرلىك بىرىكمىلەردىن تۈزۈلگەن بۆلەكلەرگە ياندىشىپ كېلىدۇ . مەسىلەن ، قىلغان ياخشىلىقىڭىزنى مەڭگۈ ئۇنتۇمايمەن .

ئىشىم پۈتۈنلەي توگىدى .

هالەتلەر ئىش – هەرىكەتنىڭ تۈرلۈك هالىتى ۋە بەلگىسىنى ئىپادىلەيدىغان رەۋىشلەر ۋە رەۋىش ئورنىدا كەلگەن باشقا سۆزلەردىن تۈزۈلىدۇ . شۇڭا ، ئۇلار جۈملىدە هەر خىل مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ ۋە ئىپادىلەنگەن مەنىسىگە قاراپ ، سۈپەت هالىتى ، سەۋەب هالىتى ، مەقسەت هالىتى ، ئورۇن هالىتى ۋە ۋاقىت هالىتى قاتارلىق بەش تۈرگە بۆلۈنىدۇ .

ئەرەب تىلىدىكى هالەت چۈشەنچىسى بىلەن ئۇيغۇر تىلىدىكى هالەت چۈشەنچىسى نىسبەتەن پەرقلىنىدۇ . جۈملىدە رەۋىش ۋە رەۋىش خاراكتېرلىك سۆزلەرنىڭ ئاڭلاتقان مەنىسى ئوخشاش بولىسىمۇ ، بىراق ، مەزكۇر ئىككى تىلدا هالەتلەرنىڭ كونكرېت تۈرلىرىنى بېكىتىش ئەھۋالى ئوخشاشمايدۇ ، ئۇيغۇر تىلىدا يۇقىرىدىكى بەش تۈرلۈك هالەت ئىچىدە سەۋەب هالىتى ، مەقسەت هالىتى ، ئورۇن هالىتى ۋە ۋاقىت هالىتى قاتارلىق تۆت تۈر ئەرەب

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



تىلىدا تولدۇرغۇچىلار قاتارىدا سۆزلىنىدۇ ۋە ئۇلار ئەرەب تىلىدىكى سەۋەب تولدۇرغۇچىسى (**المفعول لــه**) ، ماكان - زامان تولدۇرغۇچىسى (**المفعول فيه**) قاتارلىقلار بىلەن ماس كېلىدۇ. دېمەك، ھالەت ئۇيغۇر ۋە ئەرەب تىللىرىدا ئوخشاشمىغان نۇقتىدىن چىقىش قىلىنىپ تەھلىل قىلىنىدىغان بولۇپ، كونكرېت تىل ئۆگىنىشتە ئۇلارنى يەنمۇ ئىنچىكە پەرقلەندۇرۇشكە توغرا كېلىدۇ.

6. ئىزاھلىغۇچى

جۈملىدە جۈملىنىڭ مەلۇم بىر بۆلىكىنى ئىزاھلاپ، ئېنىقلاپ كېلىدىغان تەركىب ئىزاھلىغۇچى دېيىلىدۇ.

ئىزاھلىغۇچى ئۆزى ئىزاھلايدىغان نەرسە ياكى شەخسنى باشقا نام بېرىش ياكى باشقىچە چۈشەندۈرۈش ئارقىلىق ئىزاھلايدۇ.

مەسىلەن: باھار ئەلچىسى قارلىغاچ يېتىپ كەلدى.

ئۇيغۇر تىلىدىكى ئىزاھلىغۇچى ئەرەب تىلىدىكى بايان قىلغۇچى تەڭداش بۆلەك (**عطف البيان**) گە ماس كېلىدۇ. تەكىت سۆزى (**التأكيد**) گىمۇ قىسمەن ماس كېلىدۇ. تەكىتمۇ سۆز ۋە سۆز بىرىكمىسىدىن پايدىلىنىپ، جۈملىنىڭ مەلۇم بۆلىكىنى كۈچەيتىدىغان بۆلەكتۇر. مەسىلەن، **لقد رايت المدير نفسه**. (مۇدىرنىڭ ئۆزىنى كۆرگەندىم)

بىراق، ئەرەب تىلىدىكى **كل** ، **جميع** ، **عامة** ، **كلا** ، **كلتا** ... غا ئوخشاش تەكىت سۆزلىرى بەزىدە ئىزاھلىغۇچىغا ئوخشاشمايدۇ، بەلكى ئېنىقلىغۇچى ۋە ھالەتكە ئوخشىشىپ كېتىدۇ. ئىككى تىل ئوتتۇرىسىدىكى مەزكۇر پەرققە دىققەت قىلىش كېرەك.

يۇقىرىقىلاردىن پەرقلىق ھالدا ئەرەب تىلىدا يەنە بەدەل

(البدل) ، پەرقلەندۈرگۈچى (التمييز) قاتارلىق جۈملە تەركىبلىرى مەۋجۇت . بۇ مەزمۇنلار ئالدىنقى سەھىپىلەردە تەپسىلىي چۈشەندۈرۈلگەچكە ، يەنە تەكرارلاپ ئىزاھلىمايمىز .

## 3 . كېلىش كاتېگورىيىسىدىكى پەرقلەر

ئۇيغۇر تىلىدا ئىسىملار ياكى ئىسىمداشلار جۈملە تەركىبىدە جۈملىنىڭ بىرەر بۆلىكى بولۇش ئۈچۈن ، مەلۇم بىر كېلىشتە كېلىدۇ . ئىسىملارنىڭ جۈملىدىكى ۋەزىپىسى ۋە باشقا بۆلەكلەر بىلەن بىۋاسىتە مۇناسىۋەتتە بولۇشى ئاۋۋال ئۇلارنىڭ بىرەر كېلىش شەكلىدە كېلىشىگە باغلىق . كېلىش قوشۇمچىلىرى ئىسىملارنى ئاساسەن جۈملىنىڭ پېئىلدىن ياسالغان بۆلەكلىرى بىلەن باغلاش رولىنى ئۆتەپ ، ئىسىملارنىڭ جۈملىدىكى ۋەزىپىسىنى بەلگىلەيدۇ . كېلىش كاتېگورىيىسىنىڭ قوشۇمچىلىرى سۆزنىڭ لېكسىكىلىق مەنىسىگە ھېچقانداق يېڭى مەنە قوشماي ، پەقەت تۈرلۈك گرامماتىكىلىق مەنىلەرنىلا يۈكلەيدۇ .

دېمەك ، ئىسىم بىلەن پېئىلنىڭ ، ئىسىم بىلەن ئىسىمنىڭ ياكى ئىسىم بىلەن سۈپەتنىڭ ئۆزئارا مۇناسىۋىتىنى كۆرسىتىدىغان ، ئۇلارنى ئۆزئارا باغلاپ تۈرلۈك گرامماتىكىلىق مەنىلەرنى ئىپادىلەيدىغان گرامماتىكىلىق كاتېگورىيە كېلىش كاتېگورىيىسى دېيىلىدۇ .

كېلىش قوشۇمچىلىرى تۈپ ئىسىملارنىڭ ياكى سان ، شەخس قوشۇمچىلىرى بىلەن تۈرلەنگەن ئىسىملارنىڭ ئاخىرىغا ئۇلىنىپ كېلىدۇ . مەسىلەن ، مەكتەپنى ، مەكتەپكە ، مەكتەپلەردىن ، مەكتىپىمىزنى ، مەكتەپنىڭ ، مەكتىپىدە .

ئۇيغۇر تىلىدا ئالتە كېلىش بار بولۇپ ، ئۇلار باش كېلىش ، ئىگىلىك كېلىش ، بېرىش كېلىش (يۆنىلىش كېلىش) ، چۈشۈم

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



كېلىش ، ئورۇن كېلىش ۋە چىقىش كېلىشتىن ئىبارەت .

1 . باش كېلىش

ئىسىملار كېلىش قوشۇمچىلىرى بىلەن تۈرلەنمەي ئەسلىي شەكلىدە كەلگەندە باشقا سۆزلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى كۆرسىتىدىغان كېلىش باش كېلىش دېيىلىدۇ .

باش كېلىشتە كەلگەن ئىسىملار جۈملىدە كۆپىنچە ئىگە ، خەبەر ۋە ئېنىقلىغۇچى بولۇپ كېلىدۇ . مەسىلەن :

سىز بىزگە خۇشاللىق ئېلىپ كەلدىڭىز .

ئېھتىياتچانلىق — كۈچ .

سىلەر گۈزەل ۋەتىنىڭ تۆھپىكار قەھرىمانلىرى .

2 . ئىگىلىك كېلىش

جۈملە ۋە سۆز بىرىكمىلىرىدە ئىگىلىگۈچى شەيئى بىلەن ئىگىلەنگۈچى شەيئى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى ئىپادىلەيدىغان كېلىش ئىگىلىك كېلىش دېيىلىدۇ .

ئىگىلىك كېلىش قوشۇمچىسى «نىڭ» بولۇپ ، ئىگىلىك كېلىشتە كەلگەن ئىسىملار جۈملىدە «كىمنىڭ ؟ نېمىنىڭ ؟ نېمىسىنىڭ ؟ » دېگەنگە ئوخشاش سوئاللارغا جاۋاب بولۇپ كېلىپ، ئېنىقلىغۇچى بولىدۇ . مەسىلەن :

سىلەرنىڭ ئىستىقباڵىڭلار پارلاق .

ئەھمەدنىڭ ئوقۇغۇچىسى يېتىپ كەلدى .

ئىگىلىك كېلىش قوشۇمچىسى «نىڭ» ئۇيغۇر تىلىدا بەزىدە چۈشۈپ قالىدۇ . بىراق ، بۇ ئىگىلىك مۇناسىۋىتىنىڭ مەۋجۇت بولمىغانلىقىدىن دېرەك بەرمەيدۇ . مەسىلەن ، قەشقەر خەلقى (قەشقەرنىڭ خەلقى)

سۆزلەش پۇرسىتى (سۆزلەشنىڭ پۇرسىتى)

3 . بېرىش كېلىش (يۆنىلىش كېلىش)

سۆز بىرىكمىسى ۋە جۈملىدە ئىسىملارغا باغلىنىپ ، ئىسىملارنىڭ ھەرىكەت ۋە سۈپەتكە قارىتىلغانلىقىنى بىلدۈرىدىغان كېلىش بېرىش كېلىش دېيىلىدۇ .

بۇ كېلىشتە كەلگەن ئىسىملار كۆپىنچە پېئىل ۋە سۈپەتلەرگە باغلىنىپ كېلىدۇ . بېرىش كېلىش قوشۇمچىلىرى «غا ، قا ، گە ، كە» بولۇپ ، بۇ كېلىشتە كەلگەن ئىسىملار «كىمگە ؟ نېمىگە ؟ كىملەرگە ؟ نېمىلەرگە ؟ قەيەرگە ؟ نەگە ؟» دېگەندەك سوئاللارغا جاۋاب بولۇپ كېلىدۇ . مەسىلەن :

مەن دەم ئېلىشقا چىقتىم .

بۇ شىبىلىتنى سىزگە ئالدىم .

ئۇ ئاقسۇغا كەتتى .

4 . چۈشۈم كېلىش

